دۇنياۋى مەشھۇر چۆچەكلەر خەزىنىسى





# كىچىك ئادەملەر دۆلىتى








مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ

www.uyghurkitap.com



ISBN 7-105-06939-2
9 787105 069392 >

ISBN 7-105-06939-2/I·1517
民(维 219)　　定价：12.00元

تەرجىمە قىلغۇچى : قادىر ئارسلان

# كىچىك ئادەملەر دۆلىتى

دوستۇم          گە :

بىز ئىككىمىز چىمەن دوست،
سەن ئالتۇن، مەن كۈمۈش.
دوستلۇق ـ بەخت دەرىخى،
سەن يوپۇرماق، مەن بىر قۇش.

كىتاب كۆڭۈل خۇشلۇقى،
كىتاب ئەقىل بۇلىقى.
بۇ كىتابتا ساقلانسۇن،
ئىككىمىزنىڭ دوستلۇقى.

يىل          ئاينىڭ          كۈنى.

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

小人国/(丹)安徒生(Andersen,H.C.)等著；苏真等译；卡德尔·阿尔斯郎译.—北京：民族出版社，2005.5
ISBN 7-105-06939-2

Ⅰ.小… Ⅱ.①安…②苏…③卡… Ⅲ.童话—作品集—世界—维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.I18

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2005)第 031852 号

小人国

责任编辑：卡哈尔
责任校对：胡达拜地
制　　版：海龙视觉
出版发行：民族出版社　　http://www.e56.com.cn
社　　址：北京市和平里北街 14 号　　邮编：100013
电　　话：010-64290862(维文室)
印　　刷：宏凯彩印包装有限责任公司
经　　销：各地新华书店
版　　次：2005 年 5 月第 1 版　　2005 年 5 月北京第 1 次印刷
开　　本：787 毫米×1092 毫米　　1/16
印　　张：6.75
印　　数：0001-2000 册
定　　价：12.00 元



# مۇندەرىجە




كىچىك ئادەملەر دۆلىتى ........................ 1



تىيىن بىلەن تاشپاقا ........................ 10



توشقاننىڭ تۇغۇلغان كۈنى ........................ 13



يامغۇرلۇقنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ........................ 16



ئېيىقچاقنىڭ ئۇۋا ياسىشى ........................ 22



غەلىتە ئىسىم ........................ 26



چاشقان بىلەن ئاق قۇ ........................ 34



بىر پاي كونا ئاياغ ........................ 39



پارپا ۋە پار هارۋىسى ........................ 42



قەلەي ئەسكەر ........................ 49



ئالتە ئەزىمەت ........................ 59



ئەقىللىق دېھقان ........................ 68



پارپا بىلەن موزدۇز ........................ 72



ئېيىق قۇيرۇقى ........................ 74



پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى ........................ 76



ئالتۇن بېلىق كۆلى ........................ 82



سېھىرگەرنىڭ سوۋغىتى ........................ 88



يەتتە قاغا ........................ 94


www.uyghurkitap.com

# كىچىك ئادەملەر دۆلىتى

ئەنگلىيە چۆچىكى (ئەسلى ئەسەر: جوناسىن سۋىفتنىڭ)

بىرنەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى، ئەنگلىيىدە گالىۋېر ئىسىملىك بىر بالا ئۆتكەنىكەن. ئۇ دېڭىز سەپىرىگە قەۋەتلا ئامراق ئىكەن. لېكىن، دادىسى ئۇنىڭ تېبابەتنى ئۆگىنىپ ئۇستا دوختۇر بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن. شۇڭا، گالىۋېر ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، دادىسىنىڭ تەلىپى بويىچە دوختۇرلۇق كەسپىگە ئىمتىھان بېرىپ ئالىي مەكتەپكە كىرىپتۇ.

تۆت يىلدىن كېيىن، گالىۋېر ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپتۇ. ئۇ دېڭىزنى ياخشى كۆرگەچكە، «قارلىغاچ» ناملىق كېمىگە تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى بولۇپ ئورۇنلىشىپ، بىرنەچچە يىلنى سەپەر بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ.

بىر قېتىم، كېمە شەرقىي ھىندى تاقىم ئارىلىغا كېتىۋاتقاندا دېڭىزنى تۇمان قاپلاپ، كەينىدىنلا قارا بوران چىقىپ كېتىپتۇ. كېمىدىكىلەر قاتتىق ۋەھىمە ئىچىدە قېلىپ، قىيا - چىيا قىلىشىپتۇ. كېمىچىلەر شۇنچە تىركەشكەن بولسىمۇ، كېمە خادا تاشقا ئۇرۇلۇپ كېتىپ قاق ئوتتۇرىدىن يېرىلىپ كېتىپتۇ.

بىر پارچە تاختاينى چىڭ تۇتۇۋالغان گالىۋېر بوران - چاپقۇن بىلەن بىر كېچە - كۈندۈز ئېلىشىپتۇ.



ئەتىسى ئەتىگەندە، شىمال تەرەپتىن سوققان كۈچلۈك بوران گالىۋېرنى بىر دېڭىز ساھىلىغا ئىتتىرىپ چىقىرىپ قويۇپتۇ. ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن گالىۋېر ئەتراپقا قاراشقىمۇ ئۈلگۈرمەيلا قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

بىر چاغدا گالىۋېر ئويغىنىپتۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرماقچى بوپتۇ، بىراق مىدىرلىيالماپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بىلىكىدىن تاپىنىغىچە ئىنچىكە يىپ بىلەن ئورىۋېتىلگەنلىكىنى بايقاپتۇ، بېشىنى كۆتۈرۈپ باقماقچى بولغانىكەن، بېشى زىڭىلداپ ئاغرىپ كېتىپتۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ چاچلىرىمۇ باغلىۋېتىلگەنىكەن.

ئۇ ئوڭدىسىچە ياتقاچقا ئاسماننىلا كۆرەلەيدىكەن. ھاۋا بارغانسېرى قىزىپ كۈن نۇرى ئۇنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئەتراپىدا قانداقتۇر ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن.



«بۇ نېمە ئىش؟» دەپ ئويلاپتۇ گالىۋېر ۋە ئۇياق - بۇياققا قاراپ باقماقچى بوپتۇ. بىراق، ئۇ شۇنچىلىك چىڭ باغلىۋېتىلگەن ئىكەنكى، مىدىرلىغۇدەك ئىمكانى بولماپتۇ. شۇ يېتىشىدا ئۇ ئاسماندىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرەلمەيدىكەن.

بىردەمدىن كېيىن، قانداقتۇر بىر جانىۋار گالىۋېرنىڭ سول پۇتى ئۈستىدە
مىدىرلاپ،ئاستا-ئاستا مېڭىپ مەيدىسىگە،كېيىن ئېڭىكىنىڭ ئاستىغىچە كەپتۇ.
گالىۋېر بىر ئامال قىلىپ كۆزىنى تۆۋەنگە تىكىپتۇ. قارىسا، بويى ئاران
ئون بەش سانتىمېتىر كېلىدىغان بىر ئادەم ساداقلىرىنى شاراقلىتىپ، ئوقيانى
ئۇنىڭغا بەتلەپ تۇرغۇدەك. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قىرىققا يېقىن ئۇنىڭ تىپىدى-
كى ئادەملەر كېلىۋاتقۇدەك.
گالىۋېر قورقۇپ كەتكەنلىكتىن ۋارقىرىۋېتىپتۇ. ھېلىقى كىچىك ئا-
دەملەر ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، قورقىنىدىن بەدەر قېچىپتۇ، بەزىلىرى
يەرگە دومىلاپ چۈشۈپتۇ.
گالىۋېر بىر ئامال قىلىپ يېنىغا قاراپتۇ. قارىسا، ھېلىقىدەك كىچىك
ئادەملەردىن تەشكىل تاپقان چوڭ قوشۇن ئۇنى باغلىغان يىپلارنى ھە دەپ
كېسىۋاتقۇدەك.
بىردەمدىن كېيىن، بايا قېچىپ كەتكەنلەر يەنە قايتىپ كەپتۇ. ئەڭ



دەسلەپ كەلگىنى ئۇلارنىڭ قوماندانى بول-
سا كېرەك، چىرقىراق ئاۋازدا بىرنېمىلەر-
نى دەپ ۋارقىراپتۇ. باشقىلىرىمۇ ئۇنىڭ
دېگىنىنى بىرنەچچە قېتىم تەكرارلاپتۇ.
گالىۋېر ئىما - ئىشارەت قىلىپ ئۆزد-
نىڭ بەك ئۇسساپ كەتكەنلىكىنى، ئۇلار-
نىڭ ئۇسسۇلۇق بېرىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ.



www.uyghurkitap.com

كىچىك ئادەملەرنىڭ قوماندانى بىر ئىسقىرتقانىكەن، ھارۋا - ھارۋىلاردا ئىچمەلىك قاچىلانغان تۇڭلار كەلتۈرۈلۈپتۇ. ئات-ھارۋىلارمۇ بۇ يەرنىڭ ئادەملىرىگە ئوخشاشلا كىچىك ئىكەن.

گالىۋېر ئەللىك تۇڭ ئىچىملىكنى بىردەمدىلا ئىچىپ بوپتۇ، مىلتىق ئوقىنىڭ چوڭلۇقىدىكى بىر مۇنچە بولكىلارنى يەۋېتىپتۇ.

باغلاقتىن بوشانغان گالىۋېر بۇ كىچىك ئادەملەرنى بېسىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھەرىكەت قىپتۇ. كىچىك ئادەملەر خىلمۇخىل قول ئىشارىلىرىنى قىپتۇ، گالىۋېر ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئورنىدىن تۇرۇپ بىللە مېڭىشقا بۇيرۇۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپتۇ.

ئۇلار گالىۋېرنى كاتتا بىر چېركاۋنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەپتۇ. بۇ يەرگە پادىشاھ ۋە دۆلەت ئەربابلىرى يىغىلغانىكەن.

كىچىك ئادەملەر گالىۋېردىن ئۇنىڭ قېچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بىر پۇتىغا ئىشكەل سېلىپ قويۇشنى تەلەپ قىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىشكەللىرى قىلدەك ئىنچىكە ئىكەن. گالىۋېر بۇنىڭغا ماقۇل بوپتۇ. چۈنكى، ئۇ خالىغان چاغدا بۇ زەنجىرلەرنى ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا ئۈزۈۋېتەلەيدىكەن. شۇنداق قىلىپ، كىچىك ئادەملەر گالىۋېرنىڭ سول پۇتىغا توقسان بىر ئىشكەل، ئوتتۇز ئالتە قۇلۇپ سېلىپ قويۇپتۇ.





كىچىك ئادەملەر دۆلىتىنىڭ پادىشاھى ۋەزىر - ۋۇزرالىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بىر كۈنلەردە پايدىسى تېگىپ قېلىشى مۇمكىن دەپ، گالىۋېرنى ياخشى بېقىشنى قارار قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ پەرمان چىقىرىپ، گالىۋېرنى ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئالتە كالا، قىرىق قوي، يېتەرلىك بولكا ۋە ئىچىملىك بىلەن تەمىنلەشكە بۇيرۇق قىپتۇ، بۇنىڭغا كېتىدىغان خىراجەتنى دۆلەت خەزىنىسىدىن چىقىم قىلماقچى بوپتۇ.

پادىشاھ يەنە گالىۋېرغا ئالتە يۈز چاكار بەلگىلەپتۇ ۋە گالىۋېر ياتقان چېركاۋنىڭ ئىشىكىنىڭ ئىككى تەرىپىگە چېدىر تىكتۈرۈپ بېرىپتۇ.

كىچىك ئادەملەر گالىۋېرنى ھەقىقەتەن ياخشى بېقىپتۇ. چۈنكى، بۇ ئەلنىڭ ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست پۇقرالىرى ئاجايىپ ئىشتىھالىق بۇ گىگانت ئادەمنىڭ ئاچ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن.



بىر كۈنى گالىۋېر كىچىك ئادەملەر دۆلىتىدىكىلەرگە ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بوپتۇ.

ئۇ تاپانچىسىنى قولىغا ئاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئوق سالماي دورا سېلىپلا ئاسمانغا قارىتىپ بىر پاي ئېتىپتۇ. دەھشەتلىك ئوق ئاۋازىدىن قورقۇپ كەتكەن كىچىك ئادەملەرنىڭ نۇرغۇنلىرى ھوشىدىن كېتىپ خېلى ئۇزاقتىن كېيىن ئېسىگە كەپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

گالىۋېر كېمە غەرق بولۇشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ تاپانچا، يانچۇق سائەت، ساقال ئالغۇچ قاتارلىق نەرسىلىرىنى ئېلىۋالغانىكەن. پادىشاھ بۇ نەرسىلەرگە بەك قىزىقىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن گالىۋېر ئۇنىڭغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىشلىتىلىدىغان جايلىرىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بېرىپتۇ.

گالىۋېر قىلىچىنى يەڭگىلگىنە بىر شىلتىپ بىرنەچچە توپ دەرەخنى كېسىۋەتكەنىكەن، پادىشاھ تېخىمۇ ھەيران قاپتۇ.

مۇھاپىزەتچىلەر پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە گالىۋېرنىڭ قىلىچ، تاپانچا قاتارلىق نەرسىلىرىنى دۆلەت خەزىنىسىگە ئېلىپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى كىچىك ئادەملەر دۆلىتى پادىشاھىنىڭ خەۋەرچىسى ئېتىنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ كېلىپ، گالىۋېرغا:

— تېز بول، پادىشاھ ئالىيلىرى سېنى ئوردىدا قوبۇل قىلماقچى! — دەپتۇ.

گالىۋېر ئىككى قەدەم ئاتلاپلا ئوردىغا يېتىپ كەپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئوردىسى شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانىكەن. ئوردا گالىۋېرغا نىسبەتەن تولىمۇ كىچىك بولغاچقا، ھويلىسىدا يەر بېغىرداپ يېتىپ پادىشاھ بىلەن سۆزلىشىشكە توغرا كەپتۇ.



كىچىك ئادەملەر دۆلىتىنىڭ شەرقىي شىمالىدا بىلېفۇسكۇ دېگەن ئارال دۆلىتى بار ئىكەن. بۇ ئىككى دۆلەت ئۇزاقتىن بېرى چىقىشالماي كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرقانچە قېتىم ئۇرۇش يۈز بەرگەنىكەن.

— ئۇلار ھازىر زور كېمە قوشۇنى ئۇيۇشتۇرۇپ بىزگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋېتىپتۇ، — دەپتۇ پادىشاھ گالىۋېرگا، — سەن باتۇر ھەم كۈچلۈك ئىكەنسەن، دۆلىتىمىزگە ياردەم بەرگىن.

گالىۋېر پادىشاھنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بوپتۇ، ئەمما:

- ئىككى شەرتىم بار: بىرىنچى، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا قان تۆكۈلۈشتىن ساقلىنىشىمىز كېرەك، ئىككىنچى، غەلىبىدىن كېيىن پادىشاھ مېنىڭ يۇرتۇمغا قايتىشىمغا رۇخسەت قىلىشى لازىم، — دەپتۇ.

پادىشاھ شۇ ھامان ماقۇل بوپتۇ.

گالىۋېر نۇرغۇن ئارغامچا ۋە سىم تەييارلىتىپتۇ، ئاندىن كېيىن دېڭىزدا ئۈزۈپ بىلېفۇسكۇ دۆلىتىنىڭ ئۇرۇش كېمىلىرىگە يېقىنلىشىپتۇ.

دۈشمەنلەر گالىۋېرغا قارىتىپ نەچچە مىڭ پاي ئوقيا ئېتىپتۇ. ئوق تەگكەن يەرلەر چىمىلداپ ئاغرىپتۇ، ئەمما گالىۋېر بۇنىڭ بىلەن كارى بولماپتۇ.





گالىۋېر ئارغامچا پىششىق بولسۇن دەپ ئۇچ قەۋەت قىلىپ ئەشكەن، سىمىلارنىڭ ئۇچىنى قارماققا ئوخشاش ئەگكەن ۋە بۇنداق قارماقتىن ئەللىك دانىنى ياساپ ھەربىرىنى بىردىن ئارغامچىنىڭ ئۇچىغا باغلىۋالغانىكەن.

گالىۋېر دۈشمەننىڭ ئەللىك كېمىسىنى قارماقلار بىلەن ئىلىپ سۆرەشكە باشلاپتۇ. بېلىفۇسكۇلۇقلار بۇ قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشكە قارىغىنىچە نېمە قىلارىنى بىلمەي داڭقېتىپ تۇرۇپ قېلىشىپتۇ.

گالىۋېر دېڭىزنىڭ چوڭقۇر يېرىگە كەلگەندە، قولىنى بىر شىلتىغانىكەن، دۈشمەننىڭ كېمىلىرى ئۆڭتۈرۈلۈپ دېڭىز تېگىگە چۆكۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كىچىك ئادەملەر دۆلىتى خەتەردىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ.

گالىۋېر: «كىچىك ئادەملەر دۆلىتى پادىشاھىنىڭ ھاجىتىدىن چىقتىم، ئەمدى مېنىڭ ئەركىنلىككە چىقىدىغان ۋاقتىممۇ يېتىپ كەلدى» دەپ ئويلاپتۇ. لېكىن، غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگەن گالىۋېر پادىشاھىنىڭ ئەركىنلىك بېرىش ۋەدىسىدىن يېنىۋالغانلىقىنى ئۇقۇپتۇ.



كىچىك ئادەملەر دۆلىتىنىڭ باش ۋەزىرى پادىشاھقا ۋاكالىتەن گالىۋېرغا قىممەت باھالىق بىر قارا شىلەپىنى تەقدىم قىپتۇ.

— مېنىڭ ئەركىنلىككە چىقىشىمچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ گالىۋېر.

— بۇنى كاللاڭدىن چىقىرىۋەت! — دەپتۇ باش ۋەزىر سۇرلۇك قىياپەتتە، — ئەگەر پادىشاھىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلساڭ، ئۇ سېنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرىدۇ.

باش ۋەزىرىنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىغان گالېۋىر قورقۇپ قاپتۇ. ئۇ دوخ-تۇر بولغاچقا، زەھەرلىك دورىنىڭ تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان ئەجەللىك قورال ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تېزرەك قېچىپ كېتىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ.

بىر كېچىسى گالېۋىر ئۆزىنىڭ بارلىق نەرسە - كېرەكلىرى بېسىلغان بىر كىچىك كېمىنى سۆرەپ، بېلېفۇسكۇ دۆلىتىگە راۋان بوپتۇ.

گالېۋىر ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، بېلېفۇسكۇ پادىشاھىغا:

— مەن بۇ يەردە تۇرسام، كىچىك ئادەملەر دۆلىتى سىلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمايدۇ! لېكىن، بۇ خىزمىتىمنىڭ بەدىلىگە سىلەر مېنىڭ يۇرتۇمغا قايتىشىمغا رۇخسەت قىلىشىڭلار كېرەك، — دەپتۇ.



بېلېفۇسكۇ پادىشاھى گالېۋىرنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپتۇ.

گالېۋىر بۇ ئارال دۆلىتىنىڭ دېڭىز قىرغىقىنى كۆزىتىپ يۈرۈپ، بىر كۈنى ساھىلدا تۇرغان بىر قېيىقنى كۆرۈپ قاپتۇ.

گالېۋىر ئون كۈن ئىشلەپ بىرنەچچە پالاق ياساپتۇ. بېلېفۇسكۇ پادىشا-ھى ياردەملىشىشكە بەش يۈز ئىشچىنى ئاجرىتىپتۇ. گالېۋىر ئۇلارغا باشچى-لىق قىلىپ بىر ئاي ئىشلەپ قېيىققا يەلكەن بېكىتىپتۇ.

مېھماندوست ۋە سېخىي بېلېفۇسكۇلۇقلار گالېۋىرنىڭ قېيىقىغا پىشۇ-رۇلغان كالا، قوي گۆشلىرىنى، نۇرغۇن بولكا ۋە تۈرلۈك-تۈمەن ئىچىم-لىكلەرنى قاچىلاپ بېرىپتۇ.

گالېۋىر بېلېفۇسكۇلۇقلار بىلەن خوشلىشىپ دېڭىز سەپىرىنى باشلاپ-تۇ. ئۇ بىرقانچە كېچە - كۈندۈز جاپا - مۇشەققەتلىك سەپەر قىلىپ،ئاخىرى ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كەپتۇ.



www.uyghurkitap.com

# تىيىن بىلەن تاشپاقا

ئىتالىيە چۆچىكى

بۇنىڭدىن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى، ئىنتايىن چوڭقۇر بىر دەريا بولغانىكەن. بۇ دەريانىڭ ئۈستىدە بىر كۆۋرۈك بار ئىكەن. بىر دېھقانچىلىق مەيدانىدىكىلەر ھەر كۈنى بىر مىنىبۇسقا ئولتۇرۇپ مۇشۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ شەھەرگە بارىدىكەن. شۇ تەرىقىدە كۆپ يىللار ئۆتۈپتۇ، كۆۋرۈكمۇ بارغانسېرى كونىراپ كېتىپتۇ.

بىر كېچىسى كۆۋرۈك تۇيۇقسىز گۈمۈرۈلۈپ، ياغاچ - تاشلىرى دەريادا ئېقىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پاقا بىلەن بورسۇق ماشىنىسى ھەيدەپ كېلىپ، كۆپچىلىككە قاراپ توۋلاپتۇ:

— شەھەرگە كىرىدىغانلار بىزنىڭ ماشىنىمىزغا ئولتۇرۇڭلار. باھاسى ئەرزان، بىر ئورۇن بىر تەڭگە!

— كۆۋرۈك بۇزۇلۇپ كەتكەن تۇرسا، سىلەر ماشىناڭلارنى دەريادىن قانداق ئۆتكۈزىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ توشقان خانىقىز.

—دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا بىر كىچىك كۆۋرۈك بار. ئاپتوبۇس، مىنىبۇس دېگەنلەر بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتەلمەيدۇ. بىزنىڭ ماشىنىمىز كىچىك بولغاندىكىن، ئۇنىڭدىن بىمالال ئۆتەلەيدۇ، — دەپتۇ پاقا.



ھايۋانلار ئۇلارنىڭ گېپىگە ئىشىنىش - ئىشەنمەسلىكنى بىلەلمەي بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ قاپتۇ.

— گېپىمىزنىڭ ئازراقمۇ يالغىنى يوق، — دەپتۇ، — بورسۇق ، بىز كۆپچىلىكنىڭ شەھەرگە كىرىشكە ئالدىراۋاتقانلىقىنى بىلگەچكە، ھاجىتىڭلاردىن چىقايلى دەپلا شۇنداق قىلىۋاتىمىز. قېنى، ماشىنىمىزغا تېز چىقىڭلار!

كۆپچىلىك ماشىنىغا چىقىپتۇ، پەقەت تىيىن ھەدىلا چىقماپتۇ، چۈنكى ئۇنىڭ پۇلى يوق ئىكەن.

دەل شۇ چاغدا، بىر تاشپاقا ئۆمىلىگىنىچە كېلىپ قاپتۇ. ئۇ تىت - تىت بولۇپ تۇرغان تىيىن ھەدىگە:

— ئەگەر سەن ماڭا بىر تال سەۋزە بەرسەڭ، مەن سېنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ شەھەرگە ئەكىرگەن بولاتتىم، — دەپتۇ.

تىيىن ھەدە بېشىنى چايقاپ:

— سەن بەك ئاستا ماڭىدىغان تۇرساڭ، ئىككىمىزنىڭ شەھەرگە كىرىشىگە بىر ھەپتە ۋاقىت كېتەمدۇ! — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولمايدۇ، — دەپتۇ تاشپاقا خاتىرجەم ھالدا كۈلۈپ، —بىز سۇ يولى بىلەن ماڭساق، ئۇلاردىن بۇرۇن شەھەرگە كىرىپ بولىمىز!



— بوپتۇ ئەمىسە، دېگىنىڭدەك بولسۇن، — دەپتۇ تىيىن ھەدە.

شۇنداق قىلىپ، تىيىن ھەدە تاشپاقىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ، تاشپاقا «پالاق - پۇلۇق» قىلىپ ئىغاڭلاپ مېڭىشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قاتتىق چايقالغان تىيىن ھەدە قورقىنىدىن:

— ۋاي، توختا، مەن چۈشۈۋالاي، ئۈستۈڭدىن دومىلاپ چۈشكىلىۋاتىمەن! — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ.



— ئازراق چىدا، دەرياغا چۈشۈۋالساقلا ھەممە ئىش ئوڭشىلىپ كېتىدۇ، — دەپتۇ تاشپاقا مېڭىشنى داۋاملاشتۇرۇپ.



www.uyghurkitap.com

راست دېگەندەك، تاشپاقا دەرياغا چۈشكەن هامان، سىلىق ئۈزگىلى باشلاپتۇ.

تاشپاقىنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئۇلار بىردەمدىلا شەھەرگە كىرىۋاپتۇ. ئۇلار بازارغا بېرىپتۇ ۋە ئەڭ ئەرزان باهادا ئەڭ ياخشى موگۇلارنى سېتىۋاپتۇ. پاقىنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرغانلار چۈش بولاي دېگەندە بازارغا يېتىپ كەپتۇ ۋە تىيىن هەدىنى كۆرۈپ هەيران بولغىنىدىن ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپ قىلىشىپتۇ.

— سەن قانداق بولۇپ بىزدىن بۇرۇن كېلىۋالدىڭ؟ — دەپ سورىشىپتۇ ئۇلار.

تىيىن هەدە كۈلگىنىچە كۆپچىلىك بىلەن چاقچاقلىشىپتۇ:

— ئېرىم ماڭا ئۆزىنىڭ ماشىنىسىنى ۋە شوپۇرىنى ئەۋەتىپتۇ دەڭلار، شۇ ماشىنا ئەكىلىپ قويدى! بولدى، خەير-خوش، مەن هازىرلا ئۆيگە قايتمىسام بولمايدۇ!

تىيىن هەدە كۆپچىلىكنىڭ قېشىدىن كېتىپ قاپتۇ، تاشپاقا ئۇنى بىر چەتتە ساقلاپ تۇرغانىكەن. تىيىن هەدىنىڭ دوستلىرى هەيران بولغان هالدا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي تۇرۇپ قېلىشىپتۇ.

ئۇلار تىيىن هەدىنىڭ چىرايىنىڭ بۇنچە پارلاپ كېتىشى كىچىككىنە بىر باش سەۋزىنى تاشپاقىغا بەرگەنلىكىنىڭ كارامىتىدىن ئىكەنلىكىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمەپتۇ!



# توشقاننىڭ تۇغۇلغان كۈنى

ئىتالىيە چۆچىكى



قەدىمكى زاماندا، بىر بودەك توشقانچاق بولغانىكەن. يىل ئۆتۈپ ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى يېتىپ كەپتۇ. شۇ كۈنى ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئاكا ـ ئۇكىلىرى، بىر نەۋرە ئاچا ـ سىڭىللىرى، شىرەم ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللىرى بولۇپ، جەمئىي ئونەيلەن ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلىگىلى كەلمەكچى بوپتۇ. بۇنچە كۆپ مېھماننىڭ كېلىشى توشقانچاقنىڭ ئانىسىنى غەمگە سېلىپ قويۇپتۇ. ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ ـ دە! چۈنكى، بۇ ئۆيدە كەڭتاشا تاماق جوزىسى بولغىنى بىلەن، بۇنچە كۆپ مېھمانغا يەتكۈدەك ئورۇندۇق، قاچا ـ قۇمۇچ دېگەندەك نەرسىلەر يوق ئىكەن. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟!

— ۋاي خۇدايىمەي، نېمانچە تەڭلىكتە قېلىش بۇ! ئون مېھماننى قانداق كۈتىمىز؟ نەرسە ـ كېرەكلەر يېتىشمىسە قانداق قىلىمىز؟ — دەپتۇ توشقان ئانا توشقانچاققا.

توشقانچاق بېشىنى قاشلىغىنىچە بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ، ئاندىن كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپتۇ ـ دە، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي سىرتقا يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئېيىق ئانىنىڭكىگە بېرىپ:



— ئېيىق ئانا، ئېيىق ئانا، بۈگۈن تۇغۇلغان كۈنۈم ئىدى، مېھمانلار كەلمەكچى، ئورۇندۇقلىرىڭىزنى بېرىپ تۇرسىڭىز بوپتىكەن، — دەپتۇ.

— تۇغۇلغان كۈنۈڭگە مۇبارەك بولسۇن، توشقانچاق، — دەپتۇ ئېيىق ئانا كۈلۈپ، — ساڭا ئون ئورۇندۇق بېرىپ تۇراي.

توشقانچاق بەك خۇش بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ئېيىق ئانىغا تەكرار ـ تەكرار رەھمەت ئېيتىپتۇ ۋە سەكرەپ ـ تاقلىغىنىچە ئۇنىڭ ئۆيىدىن چىقىپتۇ.



www.uyghurkitap.com



ئەمدى ئۇ مۈشۈك خانىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ.

— مۈشۈك خانىم، مۈشۈك خانىم، بۈگۈن تۇغۇلغان كۈنۈم ئىدى، مېھمانلار كەلمەكچى، تەخسىلىرىڭىزنى بېرىپ تۇرسىڭىز بوپتىكەن، — دەپتۇ ئۇ.

— تۇغۇلغان كۈنۈڭگە مۇبارەك بولسۇن، توشقانچاق، — دەپتۇ مۈشۈك خانىم كۈلۈپ، — ساڭا ئون تەخسە بېرىپ تۇراي.

توشقانچاق ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپتۇ ۋە ئۆيدىن چىقىپ پاقىنىڭكىگە يۈگۈرۈپ بېرىپتۇ.

پاقا ئائىلىسىدىكىلەر چاي ئىچىۋاتقانىكەن. — پاقا ھەدە، پاقا ھەدە، بۈگۈن تۇغۇلغان كۈنۈم ئىدى، مېھمانلار كەلمەكچى، چىنىلىرىڭىزنى بېرىپ تۇرسىڭىز بوپتىكەن، — دەپتۇ توشقانچاق.

— تۇغۇلغان كۈنۈڭگە مۇبارەك بولسۇن، توشقانچاق، — دەپتۇ پاقا ئانا قىزغىنلىق بىلەن، — ئۆيدىكىلەر چېيىنى ئىچىپ بولسۇن، ئاندىن ساڭا ئون چىنە بېرىپ تۇراي.

شۇنداق قىلىپ، پىيالىنىڭ ئىشىمۇ پۈتۈپتۇ. توشقانچاق ئەمدى ئىستاكان ۋە ئارا - ۋىلكىلارنى ئارىيەتكە ئالماقچى بوپتۇ.

كىرپە ئائىلىسىدىكىلەر ئەزەلدىن تولىمۇ مېھماندوست ئىكەن. ئۇلار



توشقانچاققا ئون ئىستاكاننى ئارىيەتكە بېرىپ تۇرماقچى بوپتۇ، لېكىن كەچرەك ئاپىرىپ بېرەلەيمىز، دەپتۇ.

— بىز ئىستاكانلارنى قەغەز بىلەن ئوبدان ئورىۋېتەيلى، شۇنداق قىلساق، ئۇلار سۇنۇپ كەتمەيدۇ، — دەپتۇ.



قوندۇز ئائىلىسىدىكىلەرمۇ توشقانچاقنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ. قوندۇزچاق توشقانچاققا:

— خاتىرجەم بول، دوستۇم، ئارا-ۋىلكىلارنى ۋاقتىدا ئاپىرىپ بېرىمەن! — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، توشقانچاق ھەممە تەييارلىقنى تەق قىلىپ قويۇپتۇ. ئۇ مېھمانلارنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇرغىنىدا، بىر تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋاپتۇ. ئۇنى كەلمەكچى بولغان مېھمانلار ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەممىسىنىڭ زۇكام بولۇپ قالغانلىقى، شۇ تۈپەيلى ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلىگىلى بارالمايدىغانلىقى ئېيتىلغانىكەن.

— ماۋۇ قاملاشمىغان ئىشنى كۆرمەمدىغان! — دەپتۇ توشقان ئانا خورسىنىپ، — قوشنا-قولۇملار نېمە دېسەك شۇنى ئارىيەتكە بېرىپ بىرمۇنچە ئاۋارە بولۇپ كەتتى. ئەمدىلىكتە...

— ئاپا، بىز پاقا ئاكا-ئۇكىلارنى، ئاسلاننى، ئېيىق ئاكا-سىڭىللارنى، يەنە قوندۇزچاق ۋە كىرپىچاننى تەكلىپ قىلايلى. بۇنداق قىلساق ئۇلارغا مىننەتدارلىقىمىزنىمۇ بىلدۈرەلەيمىز، — دەپتۇ توشقانچاق.

— ۋاي جېنىم بالام، ئەقىللىق بالام! — دەپتۇ توشقان ئانا خۇشاللىقىدا توشقانچاقنى باغرىغا بېسىپ، — ئەجەب ياخشى دېدىڭ، شۇنداق قىلايلى!

دەرۋەقە، توشقانچاقنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەش زىياپىتىگە قوشنا-قولۇملارنىڭ بالىلىرى قاتنىشىپتۇ. ھەممەيلەن شۇنداق كۆڭۈللۈك ئويناپتۇ، يەنە تېخى ئۇلار ئەڭ يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قاپتۇ.



# يامغۇرلۇقنىڭ سەرگۈزەشتلىرى

ئىتالىيە چۆچىكى

www.uyghurkitap.com



بۇرۇنسىدا، سېرىق رەڭلىك بىر پارچە رەخت بار ئىكەن. ئۇ يامغۇر ئۆتكۈزمەيدىغان بولغاچقا، ئىگىسى ئۇنى «يامغۇرلۇق» دەپ ئاتايدىكەن. يامغۇر ياغقان كۈنلەردە ئىگىسى ئۇنىڭ بىلەن ھارۋىسىنى يېپىپ قويىدىكەن. لېكىن، قاتتىق يامغۇر ياغقان بىر بورانلىق كېچىدە، دەھشەتلىك بوران ئۇنى ھارۋىنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ.



ئەتىسى، دەريادا ئويناپ يۈرگەن ئىككى قۇندۇز سېرىق رەڭلىك يامغۇرلۇقنى كۆرۈپ قاپتۇ.

— قارا، ئاۋۇ رەختكە! — دەپ ۋارقىراپتۇ بىر قۇندۇز.

— كۆردۈم، كۆردۈم! چاققان بول، ئۇنى تۇتۇۋالايلى!

— شۇنداق قىلايلى! ئۇھۇ، ئەمدى بىز قېيىق ياسايدىغان بولدۇق! — دەپتۇ يەنە بىرى.

ئۇلار يامغۇرلۇقنى بىر سېۋەتنىڭ تېگىگە يېپىستقانىكەن، سېۋەتكە سۇ كىرمەيدىغان بوپتۇ. مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ ئۆز قېيىقى بار بوپتۇ. ئۇلار قېيىققا ئولتۇرۇپ دەريادا سەيلە قىپتۇ.







سېپۇەت ئاقا - ئاقا بىر شارقىراتمىغا يېتىپ كەلگەندە، ئىككى قۇندۇز چاقچاقلىق بىلەن دەرياغا سەكرەپ خەتەردىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ، بىراق يامغۇرلۇقنى شارقىراتما سۆرەپ ئېلىپ كىرىپ كېتىپتۇ.

شارقىراتمىنىڭ تۆۋەنكى تەرىپىدە سۇ كىرپىسى سېرىق رەڭلىك يامغۇرلۇقنى كۆرۈپ قاپتۇ.

سۇ كىرپىسى سۇ تېيىلىش ماھىرى ئىكەن. ئۇ بۇ يامغۇرلۇقنى يەلكەن قىلىۋېلىپ، دەريادا گاھ شامالدىن دالدىلانسا، گاھ شامالنىڭ يۆنىلىشىگە بېقىپ ئۇياق - بۇياققا توختىماي ئۈزۈپ يۈرۈپتۇ. لېكىن، ئۇ يامغۇرلۇقنى تازا جايىدا ئىشلىتەلمەي ھېرىپ ھالىدىن كېتىپتۇ.

— ۋايجان، ئەجەبمۇ چارچىتىۋەتتىڭ! — دەپتۇ ئۇ يامغۇرلۇقنى دەرياغا تاشلاپ، — بولدى، ئەمدى سېنى ئىشلەتمەيمەن، يولۇڭغا كېتىۋەر!

شۇنىڭ بىلەن يامغۇرلۇق تېز ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىنىڭ ئېقىش يۆنىلىشى بويىچە ئېقىپ كېتىۋېرىپتۇ.

يامغۇرلۇق ئاقا - ئاقا بىر جىلغىنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

ئاخىرى، بىر قارا ئېيىق بۇ يامغۇرلۇق رەختىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ بېشىنى قاشلىغىنىچە بىرھازاغىچە ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ، ئاخىرى بىر ئىشنى ئېسىگە ئاپتۇ. يېقىندىن بۇيان، قىيانىڭ ئۈستىدىن ئۇچقۇ بىلەن ئۇچۇش ئاللاھىدە مودا تەنھەرىكەت بولۇپ كېلىۋاتقانىكەن. ئۇ مۇشۇ مودىدىن كېيىن قالماسلىقنى ئويلاپتۇ.



شۇنىڭ بىلەن قارا ئېيىق يامغۇرلۇقتىن بىر ئۇچقۇ ياساپتۇ، ئاندىن ئۆز - ئۆزىگە مەدەت بېرىپ قىيادىن جىلغىغا سەكرەپتۇ. بۇ تېگىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بىر جىلغا ئىكەن.



دەسلىپىدە قارا ئېيىقنىڭ ئىشلىرى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بوپتۇ. ئۇ قىيادىن پەسكە لەرزان لەيلەپ چۈشۈۋېتىپ ئەتراپىدىكى گۈزەل مەنزىرىلەردىن ھوزۇرلىنىپتۇ. پاھ، نېمىدېگەن قالتىس ھە! بۈگۈنكى كۆڭۈللۈك ساياھەتتىكى دوستلىرىغا سۆزلەپ بېرىدىغان بولسا، ئۇلار ئاغزىنى ئېچىپلا قالار ھەرقاچان!

لېكىن، تۇيۇقسىز شامال چىقىقانىكەن، قارا ئېيىق تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىپتۇ ـ دە، پەسكە قاراپ شىددەت بىلەن چۈشكىلى تۇرۇپتۇ.

«ۋايجان، قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ تۇۋلىۋېتىپتۇ قارا ئېيىق جان قايغۇسىغا چۈشۈپ. لېكىن، مۇئەللەقتىن پەسكە چۈشۈۋاتقاندا ئۇنى قۇتقۇزۇۋالىدىغان كىم بار دەيسىز!

قارا ئېيىقنىڭ تەلىيىگە، ئۇ بىر قارىغاينىڭ ئۈستىگە چۈشۈپتۇ. قارىغاي شاخلىرىغا تەگكەندە بەدىنى قاتتىق ئاغرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ.

«بۇنداق خەتەرلىك ئىشنى ئەمدى تەكرارلىمايمەن!» دەپ قەسەم قىپتۇ قارا ئېيىق، ئاندىن سېرىق رەڭلىك يامغۇرلۇقنى يىرىتىپ تاشلىۋېتىپتۇ.

جىلغىدا ياشايدىغان موگدىگەك چاشقان سېرىق رەڭلىك يامغۇرلۇقنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ يامغۇرلۇقنى سەگەنچۈك قىلىۋاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا چىقىۋېلىپ چۈشلۈك ئۇيقۇسىنى ئۇخلايدىغان بوپتۇ.



لېكىن، بىر كۈنى قاتتىق يامغۇر يېغىپ، سەگەنچۈكنىڭ ئىچى يامغۇر سۈيىگە تولۇپ كېتىپتۇ، تاتلىق ئۇخلاۋاتقان موگدىگەك چاشقان تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قالغىلى تاس قاپتۇ.

www.uyghurkitap.com



قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن مۇگدىگەك چاشقان سەگەنچۇكنى تاشلىۋەتمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، ئىككى كىرپە كېلىپ قاپتۇ. ئۇلار قوشكېزەك ئاكا - ئۇكىلار ئىكەن. ئۇلاردىن بىرى:

— نېمە قىلىۋاتىسەن، مۇگدىگەك چاشقان؟ — دەپ سوراپتۇ.

— نېمە قىلاتتىم؟ ماۋۇ سەگەنچۇكنى تاشلىۋېتەي دەۋاتىمەن، — دەپتۇ مۇگدىگەك چاشقان.

— بىر ئوبدان رەخت ئىكەنغۇ بۇ! — دەپتۇ يەنە بىر كىرپە، — بولدى، بۇنى بىزگە سېتىپ بەر!

— ساتسام ساتتىم، — دەپتۇ مۇگدىگەك چاشقان.

ئاكا - ئۇكا كىرپىلەر سېرىق رەڭلىك يامغۇرلۇقنى چېدىر قىلىۋاپتۇ. يامغۇر ياغقان چاغلاردا ئۇلار بۇ چېدىرنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ دالدىلىنىپتۇ. يەنە تېخى ئورمانلىقتىن ياۋا مېۋىلەرنى توشۇپ كېلىپ، ئۇنى ئامبار ئورنىدا ئىشلىتىپتۇ.

نۇرغۇن خەتەرلىك سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن يامغۇرلۇق ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆتمىتۈشۈك بولۇپ، ھارۋىغا يېپىپ قويۇلىدىغان چاغدىكىدەك يېڭى ئەمەس، بەلكى بەك كونىراپ كېتىپتۇ.

شۇ يىلى يامغۇر بەك كۆپ ياغقاچقا، ئورمانلىقتا موگۈلار بەك ياخشى ئۈسۈپتۇ.

ھەر قېتىم يامغۇر توختىغاندىن كېيىن، ئاكا - ئۇكا كىرپىلەر ئورمانلىققا بېرىپ موگۇ تېرىدىكەن. تەرگەن موگۈلىرى بەك كۆپ بولغاچقا، ئۇلار بازارغا ئاپىرىپ ساتماقچى بوپتۇ.

لېكىن، ئۇلارنىڭ سېۋىتى بەك كىچىك ئىكەن. ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن نېمە قىلىشىنى بىلمەي بىر - بىرىگە قاراپ تۇرۇپ قاپتۇ.



— ھەي، ماۋۇ يامغۇرلۇقنى خالتا قىلىپ موگۇلارنى قاچىلىمايلىمۇ؟ — دەپتۇ بىر كىرپە.

— توغرا ئېيتىسىز. شۇنداق قىلساق ياخشى بولغۇدەك! — دەپتۇ يەنە بىر كىرپە.

كىرپىلەرنىڭ تەرگەن موگۇلىرى يامغۇرلۇققا پېتىپ كېتىپتۇ. لېكىن، يامغۇرلۇق بەك ئېغىر بولۇپ كېتىپتۇ. ئاكا ـ ئۇكا كىرپىلەر ئۇنى كۆتۈرۈپ بازارغا يېتىپ بارغۇچە ھاسىراپ ـ ھۆمىدەپ كېتىپتۇ، بىرنەچچە يەردە توختاپ دەم ئېلىشقا توغرا كەپتۇ.

ئاخىر بازارغا يېتىپ كەلگەن كىرپىلەر يامغۇرلۇقنى يەرگە قويۇپ قويۇپ، توۋلاشقا باشلاپتۇ:

— يېڭى موگۇ! يېپيېڭى موگۇ! ئۆزى ئەرزان، كېلىڭلار، چاقىقان سېتىۋېلىڭلار! تۈگەپ كەتسە قالمايدۇ!

بازار ئارىلاپ يۈرگەن ئانا توشقان موگۇلارنى كۆرۈپ:

— قانچە پۇلدىن ساتىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىزنىڭ بىر شېشە ھەسەل سېتىۋېلىشىمىزغا يەتكۈدەك پۇل بەرسەڭلا بولىدۇ، — دەپتۇ كىرپىلەر.

توشقان ئانا موگۇلارغا سەپسېلىپ قاراپ، ئۇلارنىڭ سۈپىتىنىڭ ناھايىتى ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ.





ئانا توشقاننىڭ يامغۇرلۇقىمۇ
كۆزى چۇشۇپتۇ.
— مەن ئىككى شىشە ھەسەل
سېتىۋېلىشىڭلارغا يەتكۈدەك پۇل
بېرەي، — دەپتۇ ئانا توشقان كىر-
پىلەرگە، — ماۋۇ يامغۇرلۇقىنىمۇ
ماڭا بېرىڭلار، قانداق دېدىم؟
— بوپتۇ، يامغۇرلۇقىمۇ سېنىڭ
بولسۇن، — دەپتۇ كىرپىلەر.
شۇنداق قىلىپ، ئانا توشقان موگۇلارنىمۇ، يامغۇرلۇقىنىمۇ سېتىۋاپتۇ.
ئانا توشقان ئۆيگە قايتىپ
كەلگەندە، چۆپلۈكتە ئويناۋات-
قان قىزى ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈ-
رۈپ كەپتۇ:
— ئاپا، بازاردىن نېمە ئې-
لىپ كەلدىڭ؟
— موگۇ! قارىغىنا، قى-
زىم، نېمىدېگەن ياخشى مو-
گۇلار!
توشقانچاق بىر موگۇنى
ئېلىپ تېتىپ بېقىپ:
— راست، بەك تەملىك
ئىكەن! — دەپتۇ تامىقىنى چا-
كىلدىتىپ.



ئانا توشقان ئۇستا تىككۈچى ئىكەن.
— كەل، قىزىم، سېنى ئۆلچىۋالاي. مەن يەنە ساڭا كىيىم تىكىپ
بەرگىلى بىر پارچە رەختمۇ ئالغاچ كەلدىم.
ئانا توشقان قىزىنىڭ بويىنى ئۆلچەپ، ئۇنىڭغا سېرىق يامغۇرلۇقتىن
چىرايلىق يامغۇرلۇق چاپان تىكىپ بېرىپتۇ.
ئانا توشقان ئېشىپ قالغان رەختتە قىزىغا چىرايلىق شىلەپە تىكىپ
بېرىپتۇ!
شىلەپە ۋە يامغۇرلۇق چاپان توشقانچاققا بەك يارىشىپتۇ. ئەتىسى ئۇ
يېڭى كىيىمنى كىيىپ خۇشال — خۇرام مەكتەپكە بېرىپتۇ.
ساۋاقداشلىرى توشقانچاقنىڭ يېڭى كىيىمگە ھەۋەس بىلەن قارىشىپتۇ
ۋە ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىپ كېتىپتۇ.

# ئېيىقچاقنىڭ ئۇۋا ياسىشى

ئىتالىيە چۆچىكى

www.uyghurkitap.com



ئورمانلىقتا ياشايدىغان بىر ئانا قۇش تۇخۇم بېسىپ چۈجە چىقىرىپتۇ. بىر كۈنى ئانا قۇش يەم ئىزدەپ كەتكەندە، بىر بالىسى ئۇۋىسىدىن پەسكە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

قۇش بالىسى ئۇۋىسىدىن ئۇدۇل بىر چاتقاللىققا چۈشۈپ قاپتۇ.

قۇش بالىسى تېخى ئۇچۇشنى ئۆگەنمىگەن بولغاچقا، چاتقاللىقتا يېتىپ ئانىسىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈشكە مەجبۇر بوپتۇ. لېكىن، ئانىسى خېلى ئۇزاقىچە قايتىپ كەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇش بالىسى گاھ ئۆمىلەپ، گاھ تاقلاپ دېگۈدەك ئورمانلىققا ئىچكىرىلەپ كىرىپتۇ. ئۇ بىر كىمنى تېپىپ ياردەم سورىماقچى ئىكەن. لېكىن، ئۇ خېلى ئۇزاقىچە ھېچكىمنى ئۇچرىتالماپتۇ.

بىر چاغدا، ئاكا - ئۇكا ئېيىقچاقلار — بابى بىلەن بابۇ بۇ يەردىن ئۆتۈپ قاپتۇ. ئۇلار بىر قۇشنىڭ «ۋىچ - ۋىچ» قىلىپ ئېچىنىشلىق نالە قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇياق - بۇياققا قاراپتۇ ۋە بىر دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان قۇش بالىسىنى كۆرۈپ قاپتۇ.

بابى بىلەن بابۇنىڭ قۇش بالىسىغا ئىچى ئاغرىپتۇ.

— يىغلىما، بولدى، يىغلىما، — دەپ بەزلەپتۇ ئۇلار قۇش بالىسىنى، — بىز ساڭا ئۇۋا ياساپ بېرەيلى!

شۇنىڭ بىلەن بابى بىلەن بابۇ شاخ-شۇمبا ۋە قۇرۇق ئوت - چۆپلەرنى ئىشلىتىپ چىرايلىق بىر قۇش ئۇۋىسى ياساپتۇ.







— ھەي ئاغىنىلەر، نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ شاختىن - شاخقا سەكرەپ ئويناۋاتقان بىر تىيىن.

— تىيىنجان، ئەجەب ياخشى كېلىپ قالدىڭ! — دەپتۇ بابى، — ماۋۇ بىچارىگە ئۇۋا ياسىغاندۇق، سەن ئۇنى ئاۋۇ شاخنىڭ ئاچىمىقىغا ئورنىتىپ بەرگىنە!

— چاتاق يوق! — دەپتۇ تىيىن خۇشاللىق بىلەن، — مانا ھازىرلا!

تىيىن قۇش ئۇۋىسىنى ئاچىماققا پۇختا ئورنىتىپتۇ ۋە قۇش بالىسىنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ ئۇۋىسىغا ئاچىقىپ قويۇپتۇ.

ئەتىسى، ئاكا - ئۇكا ئېيىقچاقلارنىڭ بىر قۇش بالىسىغا ئۇۋا ياساپ بەرگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر پۈتۈن ئورمانلىققا تارقىلىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئورمانلىقتىكى ھەممە قۇشلار قۇش بالىسىنىڭ يېڭى ئۇۋىسىنى كۆرگىلى كەپتۇ.

— نېمىدېگەن چىرايلىق ئۇۋا بۇ! — دېيىشىپتۇ قۇشلار، — ئېيىقچاقلار بىز قۇشلار بىللە تۇرالايدىغان چوڭ ئۇۋىدىن بىرنى ياساپ بەرسە بوپتىكەن. يورۇقلار، ئۇلارغا ئىلتىماس قىلىپ باقايلى!

— يورۇقلار!

قۇشلار ئېيىقچاقلاردىن ئۆزلىرىگە چوڭ ئۇۋا ياساپ بېرىشىنى ئۆتۈنگەنىكەن، بابى بىلەن بابۇ خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بوپتۇ.




ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— بولىدۇ، — دەپتۇ ئۇلار، — ئەمما بۇنىڭغا نۇرغۇن شاخ - شۇمبا ۋە ئوت - چۆپ كېتىدۇ، سىلەرمۇ ياردەملىشىڭلار.

بارلىق قۇشلار ھەرىكەتكە كەپتۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تۇمشۇقى بىلەن قۇرۇق ئوت - چۆپ توشۇسا، بەزىلىرى لاي توشۇپتۇ، بەزىلىرى يوپۇرماق ئېلىپ كەلسە، يەنە بەزىلىرى پەي ئېلىپ كەپتۇ... ئىشقىلىپ ھەممەيلەن بۇ چوڭ ئۇۋىنى ياساش ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرۈپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي ئۇۋا پۈتۈپتۇ. بۇ چاغدا ئېيىقچاقلارنىڭ دادىسىمۇ يېتىپ كەپتۇ. ئۇ چوڭ ئۇۋىنى بىر دەرەخنىڭ ئاچىمىقىغا پۇختا ئورنىتىپ بېرىپتۇ. يېڭى ھەم چىرايلىق ئۇۋىغا ئېرىشكەن قۇشلار خۇشاللىقىدا قىن - قىنىغا پاتماي قاپتۇ.

بىر كۈنى قۇشلار ئاكا - ئۇكا ئېيىقلارغا مىننەتدارلىقىنى قانداق بىلدۈرۈش توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىپتۇ.



ئاخىرىدا، تۆمۈرتۇمشۇقلارنىڭ تەكلىپىنى كۆپچىلىك بىردەك ماقۇللاپتۇ. تۆمۈرتۇمشۇقلار ئىچى كاۋاك بىر دەرەخ غولىنى تېپىپ، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن تۆشۈكلەرنى ئېچىپتۇ.

ئاندىن كېيىن، قۇشلار قۇندۇزنى ياردەمگە چاقىرىپتۇ. قۇندۇز بۇ دەرەخ غولىنى بىر ئېرىقنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ، بىر ئۇچىنى ئېرىقنىڭ ئىچىگە ئورنىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئېرىق سۈيى بۇ دەرەخنىڭ ئىچىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ ئۈستەڭگە چۈشىدىغان، تۆشۈكلىرىدىن سۇ ئېتىلىپ چۈشۈپ تۇرىدىغان بوپتۇ.

ئاكا - ئۇكا ئېيىقچاقلار بۇ «مۇنچا»نى كۆرۈپ بەك خۇش بولۇپ كېتىپتۇ. چۈنكى، ئۇلار ئەمدى ئۆزلىرى خالىغان چاغدا مۇزدەك سۇدا راھەتلىنىپ يۇيۇنالايدىغان بوپتۇ!



# غەلىتە ئىسىم

گېرمانىيە چۆچىكى

(ئەسلى ئەسەر: گىرىممىك)



بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، بىر ئېتىشقا ئامراق بىر تۈگمەنچى ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئۇن تارتقۇزغىلى تۈگمەنگە كەلگەن كىشىلەر بولامدۇ، يولدا كېتىۋاتقان كىشىلەر بولامدۇ، ئىشقىلىپ يولدىن ئۆتكەن كىشىلەرنى تۇتۇۋېلىپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق پو ئاتىدىكەن، ئۆزىنىڭ ئاتقان پولىرىغا كىشىلەر ئىشىنەمدۇ - ئىشەنمەمدۇ، بۇنىڭ بىلەن كارى يوق ئىكەن، بەلكى باشقىلار ئاڭلىسىلا، توختىماي پو ئېتىۋېرىدىكەن. بىر كۈنلەرگە بارغاندا، ئۇنىڭ «پوچى» دېگەن نامى پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ تۈگمەنچىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ.

— بۇ كىمنىڭ تۈگمىنى؟ — دەپ سوراپ قاپتۇ پادىشاھ مۇلازىملىرىدىن.

— ھېلىقى پوچى تۈگمەنچىنىڭ.

— چاقىرىڭلار، — دەپتۇ پادىشاھ بىردىنلا قىزىقىپ قېلىپ، — ئۇنىڭ قانداق پو ئاتىدىغانلىقىنى بىر كۆرۈپ باقاي.



تۈگمەنچى پادىشاھنىڭ كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ، ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن ھالدا ئۆيىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ. چىقىپتۇيۇ، ئادىتى بويىچە ئۆزىنى باسالماي پو ئېتىشقا باشلاپتۇ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، مېنىڭ بىر قىزىم بار، ئۇ شال پاخلىدىن زەر يىپ چىقىرالايدۇ!

— راستمۇ؟

— ئالىيلىرى، ئۇ راستىنلا شال پاخلىدىن زەر يىپ چىقىرالايدۇ!



www.uyghurkitap.com



— ياخشى! — دەپتۇ پادىشاھ، — ئەمىسە مۇلازىملىرىم ساڭا شال پاخىلىنى يېتەرلىك يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، قىزىڭ زەر يىپ چىقىرىپ بەرسۇن. ئەگەر ئۇ پاخالدىن زەر يىپ ئېگىرەلمىسە، كاللىسىدىن ئايرىلىدۇ!

پادىشاھنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇگمەنچى قېتىپ تۇرۇپلا قاپتۇ.

پادىشاھ تۈگمەنچىنىڭ قىزىنى شال پاخىلى دۆۋىلەكلىك بىر ئۆيگە سولاتقۇزۇپ:

— ئەتە ئەتىگەنگىچە بۇ پاخاللارنى زەر يىپ قىلىپ ئېگىرىپ بول! — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.

پادىشاھ سۆزىنى تۈگىتىپلا كېتىپ قاپتۇ، بىچارە قىزچاق ھۆڭگىرەپ يىغلاشقا باشلاپتۇ.

تۇيۇقسىز قىزنىڭ ئالدىدا بىر جىن پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئۇ پارپا جىن ئىكەن، ئاپئاق ساقىلى يەرگە سۆرۈلۈپ تۇرىدىكەن.

پارپا ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ئەگەر مەن بۇ پاخاللارنى زەر يىپقا ئايلاندۇرۇپ بەرسەم، مېنى نېمە بىلەن رازى قىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.



قىزچاقنىڭ ناھايىتى قىممەت باھالىق مېدالىئونى بار ئىكەن. ئۇ مېدالىئوننى بويىندىن ئېلىپ پارپىغا ئۇزىتىپ:

— مېنىڭدە پۇلغا يارىغۇدەك مۇشۇ بار، — دەپتۇ.

— سەن خاتىرجەم ئۇخلاۋەر، — دەپتۇ پارپا مېدالىئوننى قولىغا ئېلىپ، — زەر يىپلار ئەتە ئەتىگەنگىچە تەييار بولىدۇ.



پارپا گېپىدە تۇرۇپتۇ.

قىزچاق ئەتىگەندە ئويغىنىپ، ئالتە غالتەك زەر يىپنىڭ جوزا ئۈستىگە تىزىپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

ئەتىگەندىلا يېتىپ كەلگەن پادىشاھ زەر يىپلارنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھەيران بوپتۇ، شۇنىڭدەك بەك خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تېخىمۇ چوڭ بىر ئۆينى شال پاخىلىغا توشقۇزۇپ، قىزنى زەر يىپ ئېگىرىشكە بۇيرۇپتۇ.

قىزچاق ئۆز ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزۈپتۇ. لېكىن، شۇ كېچىسى يەنە ھېلىقى پارپا پەيدا بوپتۇ.

— ئەگەر بۇ قېتىممۇ ساڭا ياردەم قىلسام، مېنى نېمە بىلەن رازى قىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ پارپا.

— مومامدىن قالغان بىر تال ئۈزۈكۈم بار، — دەپتۇ قىز، — مېنىڭ پۇلغا يارىغۇدەك نەرسەم پەقەت شۇ! شۇنى ساڭا بېرەي، ماڭا يەنە بىر قېتىم ياردەم قىل، بولمىسا كاللامدىن ئايرىلىپ قالىمەن!

— بولىدۇ، ئەكەل ئۈزۈكۈڭنى!

بۇ كۈنكى ئىشمۇ ئوخشاش بوپتۇ، پارپا ئۆيدىكى جىمى شال پاخىلىنى زەر يىپقا ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ.

ئەتىسى پادىشاھ كېلىپ، غالتەك - غالتەك زەر يىپلارنى كۆرۈپتۇ. پادىشاھ تۇغمەنچىنىڭ قىزىغا بىرھازاغىچە قاراپ تۇرۇپ كېتىپ، كېيىن بىر ھىيلىنى ئويلاپ تېپىپتۇ.



— بۇگۈن كېچە سەن يەنە بىر قېتىم پاخالدىن زەر يىپ ئېگىر، — دەپتۇ ئۇ قىزغا، — ئەگەر ئۇلارنى يەنە زەر يىپقا ئايلاندۇرالىساڭ، مەن سېنى نىكاھىمغا ئالىمەن. لېكىن، بۇ قېتىم دېگىنىمنى قىلالمىساڭ، كاللاڭنى ئالىمەن!



www.uyghurkitap.com



قىزنى يەنە غەم بېسىپتۇ. «ئەمدى
قانداق قىلارمەن؟ — دەپ ئويلاپتۇ ئۇ
ئۆكسۈپ يىغلاپ، — بۈگۈن كېچە ھې-
لىقى پارپا كەلگىنى بىلەن بىكار، ئۇ
ئەمدى ماڭا ياردەم بەرمەيدۇ، چۈنكى
مېنىڭ ئۇنىڭغا بەرگۈدەك ھېچنېمەم قال-
مىدى. قارىغاندا، ئەمدى ئەجىلىم توش-
قان ئوخشايدۇ...»

بىچارە قىز يېرىم كېچىگىچە توخ-
تىماي يىغلاپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا،
پارپا يەنە پەيدا بوپتۇ.

— مېنىڭ ساڭا بەرگۈدەك ھېچنې-
مەم قالمىدى! — دەپتۇ قىز تارام - تارام
ياش تۆكۈپ.

پارپا كۆلۈمسىرىگىنىچە قىزغا قاراپتۇ ۋە:

— پادىشاھ سېنى نىكاھىغا ئالماقچى بوپتۇ، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سوراپ-
تۇ.

— ھەئە، — دەپتۇ قىز، — ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈن كېچە بۇ شال
پاخاللىرىنى زەر يىپقا ئايلاندۇرۇپ بولۇشۇم كېرەك ئىكەن.

— سەن ماڭا ھېچنېمە بېرەلمەيسەن، شۇنداقمۇ؟

— ھەئە، — دەپتۇ قىز ھەسرەت بىلەن، — مېنىڭدە ئەمدى پۇلغا
يارىغۇدەك ھېچنېمە يوق.



— ئەمىسە، مۇنداق بول-
سۇن، — دەپتۇ پارپا، — سەن
خانىش بولۇپ بالا تۇغقاندىن كې-
يىن، مەن كېلىپ تۇنجى بالاڭنى
ئېلىپ كېتىمەن. بۇ مېنىڭ ھا-
زىرقى ياردىمىمنىڭ ھەققى بول-
سۇن. سېنىڭچە قانداق؟

قىز ھېچقانچە ئويلانمايلا
ماقۇل بولۇپ باش لىڭشىتىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئىشلار
ھېلىقى پارپىنىڭ ۋەدە قىلغىنىدەك
بولۇپ، ئۆيدىكى دۆۋە - دۆۋە
شال پاخاللىرى غالتەك - غالتەك
زەر يىپلارغا ئايلىنىپتۇ.



شۇنچە كۆپ زەر يىپقا ئېرىشكەن پادىشاھ ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ. ئۇ تۈگمەنچىنىڭ قىزى بىلەن توي قىلماقچى بوپتۇ ۋە تويدىن كېيىن ئۇنىڭغا يەنە زەر يىپ ئېگىرىدىغان ئىشنى قىلدۇرماسلىققا ۋەدە بېرىپتۇ. كېيىن ئۇلار پۈتۈن يۇرتقا زىياپەت بېرىپ، كاتتا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپتۇ.

تويدىن كېيىن، پادىشاھ بىلەن خانىشنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتۈپتۇ.

ئارىدىن توققۇز ئاي توققۇز كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، خانىش چىرايلىق، بۇدرۇق بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ.

بىر كۈنى خانىش سەگەنچۈكتىكى ئوغلىنى ئەركىلىتىپ ئولتۇرسا، ھېلىقى پارپا كېلىپ قاپتۇ.



www.uyghurkitap.com

— كەلگىنىمگە ھەيران بولۇۋاتامسەن؟ — دەپتۇ پارپا، — مەن ئوغلۇڭنى ئېلىپ كەتكىلى كەلدىم، بىزنىڭ كېلىشىمىمىز ئېسىڭدە باردۇ؟

— ياق، ياق! — دەپ توۋلىۋېتىپتۇ خانىش ئېچىنىشلىق ئاۋازدا، — مەن بارلىق ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىتلىرىمنى بېرەي، ئوغلۇمنى ئېلىپ كەتمە! ئۆتۈنۈپ قالاي!...

— ھوي، سەن ۋەدەڭدىن يېنىۋالماقچىمۇ؟ — دەپتۇ پارپا قوللىرىنى شىلتىپ، — ئوبدان ئويلاپ باق، ئەگەر ھېلىقى كېچىسى زەر يىپ ئېگىرەلمىگەن بولساڭ، قانداقمۇ خانىش بولالايتتىڭ - ھە؟ ھىم، مەن ساڭا ياردەم قىلمىغان بولسام، ئاللىقاچان كاللاڭدىن ئايرىلغان بولاتتىڭ! ئەمدى گېپىڭدىن يېنىۋالساڭ بولمايدۇ، بالىنى چوقۇم ماڭا بېرىشىڭ كېرەك.

پارپا خانىشنىڭ ئوغلىنى ئېلىپ كېتىش نىيىتىدە چىڭ تۇرۇۋېتىپتۇ، ئەمما ئاخىرى خانىشنىڭ يىغا - زارىسى بىلەن كۆڭلى يۇمشاپ قېلىپ:

— بوپتۇ، ساڭا يەنە بىر قېتىم پۇرسەت بېرەي. ئەگەر سەن ئۈچ كۈن ئىچىدە مېنىڭ ئىسمىمنى تاپالىساڭ، بالا يېنىڭدا قالسۇن. تاپالمىساڭ، ئۇ چاغدا مېنىڭدىن رەنجىمە، بالاڭنى ئېلىپ كېتىمەن! — دەپتۇ.

پارپا گېپىنى تۈگىتىپلا غايىب بوپتۇ.

بۇ قېتىم خانىش پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ، ھەممە ئىشنى ئەينى پېتى بايان قىپتۇ.

پادىشاھ پۈتۈن مەملىكەتتىكى دانىشمەنلەرنى ئوردىغا جەم قىپتۇ. ئۇلار پادىشاھ كۈتۈپخانىسىدىكى كىتابلارنى بىر - بىرلەپ ئاختۇرۇپ، ھېلىقى پارپىنىڭ ئىسمى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنى ئىزدەپتۇ.



كاتتا ئالىملار كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ كىتاب ئاختۇرغان بولسىمۇ، ئاراقمۇ يىپ ئۇچىنى تاپالماپتۇ. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئىككى كۈن ئۆتۈپ كېتىپتۇ، بىراق ئۇلار ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەپتۇ.

پۈتۈن مەملىكەتتىكى كىشىلەر بۇ ئىشنى بىلىپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى خانىش ئۈچۈن، كىچىك شاھزادىنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن قايغۇرۇپتۇ. قاتتىق جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكتىن پادىشاھنىڭ چاچلىرى ئاقىرىپ كېتىپتۇ. خانىش توختىماي يىغلىغانلىقتىن كۆزلىرى قىزىرىپ ئىششىپ كېتىپتۇ. كىچىك شاھزادە پادىشاھنىڭ تەخت ۋارىسى، ئۇنىڭ تەقدىرىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى دۆلەتنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولغانلىدىكىن، ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە!

نېمە قىلارىنى بىلمەي بېشى قاتقان پادىشاھ ئوردىدا تېپىرلاپ يۈرگەندە، بىر خەۋەرچى كىرىپ مۇنداق بىر ئەھۋالنى مەلۇم قىپتۇ:

خەۋەرچى ئورمانلىقتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئاپئاق ساقاللىق بىر پارپا بوۋاينى كۆرۈپتۇدەك. ئۇ گۈلخانى چۆرگىلەپ ئۇسسۇل ئويناپ:

«ھا - ھا، رامسىپىلسىدىلتىسكىن، ئەتە بارىسەن شاھزادىنى ئالغىلى. ھا - ھا، رامسىپىلسىدىلتىسكىن، ھېچكىم بىلمەس بۇ ئاجايىپ ئىسمىمنى ...» دەپ ناخشا ئېيتىۋاتقۇدەك.



پادىشاھ خەۋەرچىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ، دەرھال خانىشنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ ۋە ئاڭلىغانلىرىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇ ھامان خانىشنىڭ چىراي كۈلكە يۈگۈرۈپتۇ. چۈنكى، ئۇ ئورمانلىقتىكى ئاپئاق ساقاللىق بوۋاينىڭ دەل ھېلىقى پارپا ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ.





ئەتىسى ئەتىگەندە، ئاپئاق ساقاللىق پارپا تۇيۇقسىز خانىشنىڭ ئالدىدا پەيدا بوپتۇ.

— ۋاقىت توشتى، — دەپتۇ ئۇ خانىشقا، — مەن شاھزادىنى ئېلىپ كەتكىلى كەلدىم.

بۇ چاغدا خانىش قىلچە ھودۇقماپتۇ، بەلكى تەمكىنلىك بىلەن:

— توختاپ تۇر، رامسىپېلدىلتىپسكىن! — دەپتۇ

پارپا گويا بۇلۇتسىز كۈندە چاقماق چاقاندەك قاتتىق چۆچۈپ كېتىپتۇ - دە، شۇ ھامان ئىس - تۈتەككە ئايلىنىپ يوقاپ كېتىپتۇ.

قاتتىق خۇشال بولۇپ كەتكەن خانىش ئوغلىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ، ئۇنى باغرىغا چىڭ بېسىپ:

— قوزام، ئوماق قوزام، ئەمدى ساڭا ھېچ ئىش بولمايدۇ! ھېچكىم سېنى مېنىڭ قېشىمدىن ئېلىپ كېتەلمەيدۇ! — دەپتۇ.



# چاشقان بىلەن ئاق قۇ

ئىتالىيە چۆچىكى



بۇرۇنىسىدا بىر ئېتىز چاشقىنى بولغانىكەن. ھەممەيلەن ئۇنى «قارا كۆز خېنىم» دەپ ئاتايدىكەن. چۈنكى، ئۇنىڭ كۆزىنىڭ چۆرىسىدە بىر كىم سىزىپ قويغاندەك قارا رەڭلىك چەمبەر بار ئىكەن.

بىر كۈنى قارا كۆز خېنىم ئۆيىنىڭ يېنىدا تۇرغان بىر چوڭ تۇخۇمنى كۆرۈپ قاپتۇ.

قارا كۆز خېنىم تۇخۇمنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ ئۇنىڭغا زەن سالغاچ: «بۇ تۇخۇمنى كىم بۇ يەرگە قويۇپ قويغاندۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ تۇرسا، بىردىنلا قار يېغىپ كېتىپتۇ.



«چاتاق بولدى! — دەپتۇ قارا كۆز خېنىم ئۆز - ئۆزىگە، — ئەمدى ھاۋا سوۋۇپ كېتىدۇ، بۇ تۇخۇم بۇ يەردە تۇرىۋەرسە، توڭلاپ قالىدۇ...»

قارا كۆز خېنىم تۇخۇمنىڭ ئىگىسى كېلىپ قالارمىكىن دەپ بىردەم ساقلاپ بېقىپتۇ، بىراق ھېچكىم كەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۇخۇمنى غالتەك ھارۋىسىغا سېلىپ ئۆيىگە ئەكىلىپتۇ - دە، مەشنىڭ يېنىغا قويۇپ قويۇپتۇ.



بىرەر - ئىككى سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، ئوچاق يېنىدا ئىش قىلىۋاتقان قارا كۆز خېنىم ئارقا تەرەپتىن ئاڭلانغان «تاراس - تاراس» قىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ئۇ ئالدىراپ ئۆرۈلۈپ قاراپتۇ - دە، قاتتىق چۆچۈگىنىدىن توۋلىۋەتكىلى تاس قاپتۇ. چۈنكى، ھېلىقى تۇخۇم



پارە - پارە بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ-
نىڭ يېنىدا چوپچوڭلا بىر ئۆردەك چۇ-
جىسى قاناتلىرىنى پاقىلدىتىپ تۇرغۇ-
دەك، قورسىقىمۇ ئېچىپ كەتكەن بولسا
كېرەك، ھە دەپ يىغلاۋاتقۇدەك.

— سېنىڭ ئىسمىڭ «ئاپئاقجان»
بولسۇن، — دەپتۇ قارا كۆز خېنىم، ئاند-
ىن بايا ئۆزى ئۇچۇن راسلىغان شورپىد-
نى ئۆردەك بالىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

ئەتىسى سەھەردىلا ئويغانغان قارا
كۆز خېنىم تالاغا چىقماقچى بوپتۇ،
ئەمما كېچىچە ياغقان قار ئىشىكنى تو-
سۇۋالغاچقا، ئىشىكنى ئاچالماپتۇ.

«ماۋۇ قاملاشمىغان ئىشنى كۆر-
مەمدىغان!» دەپ كوتۇلداپتۇ قارا كۆز خېنىم ۋە دېرىزىنى ئېچىپ بېشىنى
سىرتقا چىقىرىپتۇ. ئۇ ئۇياق - بۇياققا بويۇن سوزۇپ قاراپ، دەرەخ شېخىغا
قونۇۋالغان بىر قىزىل قۇيرۇقلۇق بۇلبۇلنى كۆرۈپتۇ.

— سېنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، — دەپتۇ قارا كۆز چاشقان قىزىل
قۇيرۇقلۇق بۇلبۇلغا، — سەن ۋە دوستلىرىڭ مېنىڭ ئىشىكتىن چىقالمايۋات-
قانلىقىمنى قولۇم - قوشنىلىرىمغا خەۋەر قىلىپ قويساڭلار، ئۇلار ئىشى-
كىمنىڭ ئالدىدىكى قارنى تازىلىۋەتسە بوپتىكەن. ماقۇلمۇ؟

— چاتاق يوق، ھازىرلا خەۋەر قىلىۋېتەي! — دەپتۇ قىزىل قۇيرۇقلۇق
بۇلبۇل خۇشاللىق بىلەن.

قىزىل قۇيرۇقلۇق بۇلبۇل دوستلىرىنى چاقىرغىلى كېتىپتۇ.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، بىر توپ قۇشلار ۋىچىرلاشقىنىچە تەرەپ -
تەرەپكە ئۇچۇپ بېرىپ، قارا كۆز خېنىمنىڭ قولۇم - قوشنىلىرىغا ئۇنىڭ
دېگەنلىرىنى يەتكۈزۈپتۇ.





www.uyghurkitap.com

قولۇم - قوشنىلارنىڭ بەزىلىرى گۈرجەك، بەزىلىرى سۈپۈرگە، يەنە بەزىلىرى سېۋەت دېگەندەك نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، قارا كۆز خېنىمنىڭ ئىشىكى ئالدىغا دۆۋىلىنىپ قالغان قارنى تازىلىۋېتىپتۇ.

ئۆيىدىن چىقالايدىغان بولغان قارا كۆز خېنىم قولۇم - قوشنىلىرىغا رەھمەت ئېيتىپتۇ. ئۇلار ئاپئاقجاننى كۆرۈپ ھەيران بولۇشۇپتۇ. قارا كۆز خېنىم بولسا، ئۇلارغا ھېلىقى تۇخۇم ۋە ئاپئاقجاننىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە:

— مەن ئۇنىڭغا ئاپئاقجان دەپ ئىسىم قويۇپ قويدۇم. ئەمدى بىر ئامال قىلىپ ئاتا - ئانىسىنى تېپىپ ئاپئاقجاننى ئۇلارنىڭ ئۆز قولىغا تاپشۇرسام بولاتتى. سىلەر ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ نەدىلىكىنى ئېيتىپ بېرەلەرسىلەرمۇ؟ — دەپتۇ.

قولۇم - قوشنىلار بىر - بىرىگە قارىشىپتۇ، ئاندىن قارا كۆز خېنىمغا:

— كەچۈرگىن، بۇنى بىلمەيدىكەنمىز، — دېيىشىپتۇ.

بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كېتىپتۇ، قارا كۆز خېنىم ھەر كۈنى ئۇ يەر - بۇ يەردىن ھېلىقى تۇخۇمنىڭ قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقى، ئاپئاقجاننىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ كىملىكىنى سۈرۈشتە قىپتۇ، ئەمما ھېچكىم بۇنىڭغا ئېنىق بىرنېمە دېيەلمەپتۇ.

قىش كېتىپ باھار كەپتۇ، دەسلەپتە قارا كۆز خېنىم ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرى ئۆردەك چۈجىسى دەپ بىلگەن ئاپئاقجان چوڭ بولغانسېرى ئۆزگىرىپ ئىنتايىن چىرايلىق، ئىنتايىن قامەتلىك بولۇپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە ئۇ بىر ئاق قۇ ئىكەن ئەمەسمۇ!

قارا كۆز خېنىم نەگىلا بارسا، ئاپئاقجاننى بىللە ئېلىپ بارىدىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق سالاپەتلىك ۋە چىرايلىق دوستىنىڭ بارلىقى بىلەن پەخىرلىنىدىكەن.



ئاپئاقجانمۇ قارا كۆز خېنىمغا بارغانچە ئامراق بولۇپ كېتىپتۇ. قارا كۆز خېنىم قەيەرگە بارسا، ئاپئاقجان ئۇنىڭدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمايدىكەن، يەنە تېخى قارا كۆز خېنىمنىڭ ئىش - كۈشلىرىگە قۇربىنىڭ يېتىشىچە قارىشىدىكەن.

ئۇلار ھەرقانچە يېقىن بولسىمۇ، قارا كۆز خېنىم بىر غەمدىن قۇتۇلالماپتۇ:

«مەن ئاپئاقجاندىن ئايرىلىپ قېلىشنى ھەرگىز خالىمايمەن، ھەتتا خىيالىمغا كەلتۈرۈشنىمۇ قورقىمەن. لېكىن، ئۇ داۋاملىق چوڭىيىۋاتىدۇ، شۇنىڭغا يارىشا يەيدىغىنىمۇ كۆپىيىۋاتىدۇ. ئامبىرىمدىكى ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى يەپ بولدى، ئۆيدىكى يېگىلى بولىدىغانلىكى نەرسىلەرنىمۇ يەپ بولدى، بىراق ئۇ يەنىلا قورسىقىم تويمىدى، دەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئاچ قېلىشىغا ھەرگىز چىدىمايمەن، بىراق ماڭىمۇ قىيىن، قورساقنىڭ ئىشىنى غەملىگۈدەك ھېچ ئىمكانىم قالمىدى، ئەمدى قانداقمۇ قىلارمەن؟...»



ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، قارا كۆز خېنىم ئۆزىنىڭ ئاپئاقجاننى بېقىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ھامان بىر كۈنى ئۆزىدىن ئايرىلىپ كېتىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ. ئاپئاقجاندىن ئايرىلىپ قېلىش قايغۇسى يۈرىكىنى سىقىسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن توقچىلىق، باياشات كۈنلەرنىڭ يېتىپ كېلىشىنى ئويلاپ، قارا كۆز خېنىم ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرىپتۇ.

تۆتىنچى ئاي كەپتۇ، ھاۋا ئىللىپ قارلىق تاغدىكى قارلار ئېرىشكە باشلاپتۇ. يامغۇرلۇق كۈنلەر باشلىنىپ، دەريا



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۇيى ئۇلغىيىپ كۆۋەجەپ ئېقىشقا باشلاپتۇ، قۇرۇپ كەتكەن كۆللەر لىق قىدە سۇغا تولۇپتۇ.

قارا كۆز خېنىم ئاپئاقجاننى كۆل بويىغا باشلاپ كەپتۇ. تۇنجى قېتىم كۆلنى كۆرگەن ئاق قۇ قاتتىق هاياجانلىنىپتۇ، ئۇچۇشقا تەمشىلىپ ئىختىيارسىز قاناتلىرىنى كېرىپتۇ. لېكىن، ئۇ تېخى ئۇچۇشنى بىلمەيدىكەن، شۇڭا قاناتلىرى ئۆزىگە ئېغىر بىلىنىپتۇ. لېكىن، ئۇ يەنىلا خۇشاللىق بىلەن كۆلگە چۈشۈپ ئۈزۈشكە باشلاپتۇ.

ئاق قۇ كۆلنىڭ قارشى قىرغىقىغا ئۈزۈپ بېرىپ، بىردەمدىلا قايتىپ كەپتۇ. ئۇ تولىمۇ تەمىلىك يۇمران چۆپلەرنى قارا كۆز خېنىمغا ئالغاچ كەپتۇ. ئۇ بۇلارنى كۆلنىڭ تېگىگە شۇڭغۇپ كىرىپ ئۈزۈپ چىققانىكەن.

قارا كۆز خېنىم ئاق قۇنىڭ ئۆز ئائىلىسىنى تاپقانلىقىنى، مانا مۇشۇ كۆلدە يېتەرلىك يېمەكلىكلەرنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۆزىنىڭ جېنىنى جان ئېتەلەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ.

— ئاپئاقجان، ئوبدان ئوينىغىن، ئەتە سېنى كۆرگىلى كېلىمەن! — دەپتۇ قارا كۆز خېنىم.

قارا كۆز خېنىم كەتكەندىن كېيىن، ئاق قۇ كۆلدە ئۇياق - بۇياققا ئۈزۈپ ئويناپتۇ، يەنە تېخى بۇ يەردىكى ياۋا ئۆردەكلەر بىلەن دوست بولۇپ ئىجىل - ئىناق ياشاشقا باشلاپتۇ.

شۇنىڭدىن تارتىپ، قارا كۆز خېنىم ئاق قۇنى كۆرگىلى هەر كۈنى كۆل بويىغا كېلىدىغان، ئاق قۇمۇ قارا كۆز خېنىمغا كۆلدىكى ئەڭ چىرايلىق گۈللەرنى تەقدىم قىلىدىغان بوپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، هەممەيلەن قارا كۆز خېنىم دەپ ئاتايدىغان ئاق كۆڭۈل چاشقان بىلەن «ئاپئاقجان» ئىسىملىك ئاق قۇنىڭ دوستلۇقى كۈنسېرى كۈچىيىپ، تۇرمۇشى كۈندىن - كۈنگە خۇشاللىققا تولۇپتۇ.



# بىر پاي كونا ئاياغ

ئىتالىيە چۆچىكى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدىكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كىشىلەر دەريا قىنىدا تۇرغان بىر پاي كونا ئاياغنى كۆرۈپ قاپتۇ. بۇ ئاياغ ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە چوڭ بولسىمۇ، ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالماپتۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن، تۇيۇقسىز يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ. دەھشەتلىك يامغۇر ئۇدا نەچچە كۈن يېغىپتۇ، دەريالار سۇغا تولۇپتۇ، ئورمانلىقنى سۇ بېسىپ كېتىپتۇ. جان قايغۇسىدا تېپىرلاپ يۈرگەن ھايۋانلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ئورمانلىقتىن كۆچۈپ كېتىپتۇ، ئۈلگۈرەلمىگەنلىرى دەرەخلەرنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، كەلكۈندىن پاناھلىنىشقا مەجبۇر بوپتۇ.

كەلكۈن ھېلىقى كونا ئاياغنىمۇ ئېقىتىپ يىراقتىكى بىر كۆلگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، يامغۇر توختاپ ھاۋا ئېچىلىپتۇ. ھايۋانلار تۇرمۇشىنى قايتىدىن باشلاپتۇ.



كۆل ئۈستىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان كېپىنەكنىڭ كونا ئاياغنى كۆرۈپ قې-
لىپ:

— ئوھۇي، نېمىدېگەن چوڭ ئاياغ بۇ! — دەپ توۋلىۋېتىپتۇ.

كېپىنەك كونا ئاياغنى ئايلىنىپ ئۇچۇپ، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپتۇ ۋە: «بۇ ئاياغ ئاپتاپتا ئۇزاق تۇرۇپ تازا قۇرۇپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى ئۇنىڭ پايدىسى تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ.

كېپىنەك دوستلىرىنى باشلاپ كەپتۇ. ھەممەيلەن بۇ ئاياغنىڭ چوڭلۇقى-
غا ھەيران بوپتۇ.

— بۇنى نېمىگە ئىشلىتەلىشىمىز مۇمكىن؟ — دەپ سوراپتۇ ئېپىن كېپىنەكتىن.

— بەك چوڭ ئىكەن، ئۇنى ھېچنېمە قىلغىلى بولمايدۇ، — دەپتۇ پاقا.

— ياق، — دەپتۇ كېپىنەك، — بىز ئالدى بىلەن ئۇنى قىرغاقىقا تارتىپ چىقىرايلى، ئاندىن قالغان گەپنى قىلىشايلى.

ئۇلار كونا ئاياغنى بىرلىكتە سۆرەپ، ئىتتىرىپ يۈرۈپ ناھايىتى تەستە قىرغاققا ئېلىپ چىقىپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىشكە باشلاپتۇ.

ئۇلار يەنىلا بىرلىككە كېلەلمەي، ھا-
زىرچە ئاياغنى شۇ يېتى تاشلاپ قويماقچى بوپتۇ.

— ئۇنى كىم نېمە قىلغۇسى كەلسە، شۇنداق قىلسۇن! — دېيىشىپتۇ ئۇلار.

كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ يەر



ئۇلارنىڭ ئويۇن ئوينايدىغان ياكى
يىغىلىشىدىغان ياخشى سورۇنى
بولۇپ قاپتۇ. ھەممەيلەن كونا ئا-
ياغدىن قانداق پايدىلانغۇسى كەل-
سە، شۇنداق پايدىلىنىپ، خالى-
غىنىنى قىلىدىغان بوپتۇ.



# پارپا ۋە پار ھارۋىسى

## ئىتالىيە چۆچىكى

www.uyghurkitap.com



زامانلارنىڭ زامانىسىدا، ئىنتايىن ئەقىللىق، قولى ئەپلىك بىر پارپا ئۆتكەنىكەن. ئۇ ھەر كۈنى ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەرنى، ئىشقىلىپ كىشىلەر تاشلىۋەتمەكچى بولغانلىكى نەرسىلەرنىڭ بىرىنى قالدۇرماي سېتىۋالىدىكەن.

ئۇ راستىنلا «پارپا» دېيىشكە ئەڭ مۇناسىپ پارپا ئىكەن. لېكىن، ئۇنىڭ ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەر لىققىدە قاچىلانغان ئېغىر ھارۋىنى ئىتتىرىپ يۈرۈشكە توغرا كېلىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ھارۋا ئىتتىرىش پارپىغا ئېغىر كېلىشكە باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىرى پار بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ھارۋا ياساش خىيالىغا كەپتۇ.

پارپا كۈندىلىك ئىشىدىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا تەكرار - تەكرار سىناق قىلىش ئارقىلىق، ئاخىرى بىر پار ھارۋىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىقىپتۇ.





پارپا ئۆزى ياسىغان يېڭىچە
ھارۋىسىدىن سۆيۈنۈپ كېتىپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن ئۇ قولۇم - قوشنا،
تونۇش - بىلىشلىرىنى چاقى-
رىپ، كاتتا تەبرىكلەش يىغىلى-
شى ئۆتكۈزمەكچى بوپتۇ.

ئۇ ھەممەيلەنگە باغاق تارقى-
تىپتۇ. كەلگەن مېھمانلارنىڭ
ھەممىسى پار ھارۋىسىنى زوق
بىلەن تاماشا قىلىپ، ئەقىللىق
پارپىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي
ماختىشىپتۇ.

تەبرىكلەش يىغىلىشى ئا-
خىرلىشىشى بىلەن، پارپا: «مانا ئەمدى مېنى جاپا تارتقۇزماي ئۆزى ماڭىدى-
غان ھارۋامىمۇ بار بولدى. ئەمدى ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىلگىرى بېرىپ
باقمىغان شەھەرلەرگە بېرىپ ئەسكى - تۈسكى، كونا نەرسىلەرنى يىغاي»
دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ.

پارپىنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرى تولىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بوپتۇ. ئۇنىڭ
سېتىۋالغانلىرى ئىلگىرىكىدىنمۇ جىق بوپتۇ، يەنە كېلىپ بۇ نەرسىلەر
ئۇنىڭ پار ھارۋىسىغا كەڭتاشا سىغىپ كېتىپتۇ. ئۇ شۇنداق خۇشال بولۇپ
كېتىپتۇكى، ئۆمرىدە بۇنداق خۇشال بولۇپ باقمىغانىكەن!

شۇ كېچىسى ئاي قاراڭغۇسى ئىكەن. ئەتراپ گويا قازان كۆمتۈرۈپ
قويۇلغاندەك قاپقاراڭغۇ بولۇپ كېتىپتۇ. بۇ قاراڭغۇچىلىق دەردى يەتمىگەن-
دەك يەنە تېخى يامغۇر چېلەكلەپ يې-
غىشقا باشلاپتۇ.



پارپا ھارۋىسىدىن بىر پانارنى ئاپ-
تۇ ۋە ئۇنى ياندۇرۇپ ھارۋىسىنىڭ
ئالدىغا ئېسىپ قويۇپتۇ، ئاندىن يولى-
نى يەنە داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

پارپا يامغۇرنىڭ توختاپ قېلىشى-
نى تىلەپتۇ، بىراق يامغۇر بىر خىلدا
يېغىۋېرىپتۇ. يول تېيىلغاق، ھاۋا بەك
سوۋۇپ كېتىپتۇ. پارپا پار ھارۋىسىنى
ھەيدەپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، بى-
راق ماڭغانچە گاڭگىراپ، ئاخىرى
يولدىن ئېزىپ قاپتۇ.



بىر چاغدا، «گۈلدۈر» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، پارپا هارۋىسى بىلەن بىللە سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە بۇ بىر كۆل ئىكەن.

قاراڭغۇ، يەنە كېلىپ شارىلداپ يامغۇر يېغىۋاتقان بۇ كېچىدە يۈز بەرگەن بۇ پالاكەتچىلىكنى كۆرمەمدىغان! بىچارە پارپا تېپىلماي توڭلاپ كېتىپتۇ، قورسىقىنىڭ كورۇلداپ ئېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى دېمەمسىز تېخى!

لېكىن، پارپا هارۋىسىدىن بىر قەدەممۇ نېرى بولماپتۇ، ئۇ قىزىل شارپىسىنى بويىنىغا چىڭ ئورىغىنىچە هارۋىسىدىن چۈشمەي، تاڭنىڭ ئېتىشىنى كۈتۈپتۇ.

ئاخىرى تاڭمۇ يورۇپتۇ. پارپا تۇيۇقسىز ئەتراپتىن كېلىۋاتقان كورۇلدىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ قاپتۇ:

«كور - كور!...»

پارپا زەن سېلىپ قارىسا، هارۋىنىڭ ئەتراپى پاقىلارغا تولۇپ كەتكەنىكەن!

پاقىلار پارپىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ پادىشاھى قوپاللىق بىلەن:



www.uyghurkitap.com



— ھەي، يۈرىكىڭ قاپتەك بار
ئىكەنا سېنىڭ! مەندىن ئىجازەت
ئالماي بۇ كۆلگە كىرىشكە قانداق
پېتىندىڭ؟! — دەپ ۋارقىراپتۇ.
— ئالىيلىرى، ئۇنى قانداق جازا-
لايمىز؟— دەپ ۋارقىرىشىپتۇ پاقىلار.
«تۇگەشتىم!» دەپ ئويلاپتۇ
قاتتىق قورقۇپ كەتكەن پارپا. ئۇ
غال - غال تىترىگەن ھالدا:
— ئالىيلىرى، بۇ مېنىڭ ئىخ-
تىيارلىقىم بىلەن بولغان ئەمەس.
كېچە بەك قاراڭغۇ، ئۇنىڭ ئۈستى-
گە يامغۇر يېغىۋاتقان بولغاچقا،
ئېھتىياتسىزلىقتىن بۇ كۆلگە چۈ-
شۈپ كەتتىم! — دەپتۇ.
— ھارۋاڭدا نېمە بار؟ قېنى، مەن كۆرۈپ باقاي!
— ئالىيلىرى، ھارۋىدا ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەردىن باشقا ھېچنەرسە
يوق، — دەپتۇ پارپا ھارۋىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ.
پاقا پادىشاھ ھارۋىدىكى نەرسىلەرنى كۆرۈپ، بۇلارنى ئىشلىتىپ قو-
مۇشلۇققا سېلىنغان چىرايلىق بىر ئۆينى سەرەمجانلاشتۇرغىلى بولغۇدەك
دەپ قاراپتۇ.
— مەن ھارۋاڭنى كۆلدىن قىرغاققا ئاچىقتۇرۇپ بېرەي، بۇنىڭ بەدىلى-
گە ھارۋىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ماڭا بەر! — دەپتۇ پاقا پادىشاھ.
پارپا يىغلىۋەتكىلى تاس قاپتۇ، ئەمما ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:
— پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ رەھىم قىلىشىنى، بۇلاردىن ئازراقىنى بولسى-
مۇ ماڭا قالدۇرۇپ قويۇشىنى تىلەي-
مەن، قىزىل شارپامغا پاتقۇدەكلا
نەرسە بولسا بولدى، — دەپتۇ.
پادىشاھ ئويلاپ تۇرمايلا ما-
قۇل بوپتۇ.
پاقا پادىشاھ كۇركىراپ بىر
بۇيرۇق بەرگەنىكەن، ھەربىي
فورما كىيگەن، رەتلىك كىيىن-
گەن پاقا مۇھاپىزەتچىلەر ئەتر-
تىدىكىلەر يىتىپ كەپتۇ.





پاقا گېنېرال: «تارتىڭلار!» دەپ بىر ۋارقىرىغانىكەن، پاقىلار پار ھارۋىسىغا ھەرىدەك ئولىشىپتۇ. ھارۋىنىڭ ئالدىدىكىلىرى تارتىپتۇ، كەينىدىكىلىرى ئىتتىرىپتۇ، ھارۋىغا قولى يەتمىگەنلىرى ئالدىدىكى پاقىلارنى ئىتتىرىپتۇ.

— بىر، ئىككى، ئۈچ! بىر، ئىككى، ئۈچ!...

پاقىلار خېلى ئۇزاققىچە ھەپىلەشكەن بولسىمۇ، ھارۋىنى كۆلدىن تارتىپ چىقىرالماپتۇ. ھەممەيلەن كۈچەۋېرىپ ھالىدىن كېتىپتۇ. ئاخىرى، گېنېرال ئەھۋالنى پاقا پادىشاھقا مەلۇم قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ:

— ئالىيلىرى، — دەپتۇ ۋەزىر روھسىز قىياپەتتە، — شۇنچە كۈچەپ باقتۇق، ئەمما ھارۋىنى قىرغاققا ئېلىپ چىقالمىدۇق...

— بۇ قانداق گەپ؟! نانقېپىلار، شۇنچىلىك ئىشقىمۇ يارىمىغىنىڭلارنى قارىمامدىغان! — دەپ ۋارقىراپتۇ پاقا پادىشاھ دەرغەزەپكە كېلىپ.

ۋەزىر بوينىنى قىسىپ يەرگە قاراپ تۇرۇپتۇ.

پاقا پادىشاھنىڭ ھارۋىدىكى نەرسىلەرنى قولدىن چىقىرىپ قويغۇسى يوق ئىكەن، شۇڭا ۋەزىرنى ئەۋەتىپ قۇندۇز، ئىككى چوڭ چاشقاندىن ياردەم تەلەپ قىپتۇ.

قۇندۇز ۋە چاشقانلار يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار ھەقىقەتەن كۈچلۈك ئىكەن. پاقا پادىشاھنىڭ ئۆزىنىڭ قوماندانلىق قىلىشى بىلەن، ھەممەيلەن بىرلىكتە كۈچ چىقىرىپ ھارۋىنى كۆلدىن تارتىپ چىقىرىپتۇ.





هەممەيلەن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، قىقاس - چۇقان سېلىشىپ تاقلاپ-
سەكرىشىپ كېتىپتۇ.
پارپا قىزىل شارپىسىنىڭ يىپىنى سۇغۇرۇپ، پار ماشىنىسىنى يىپ بىلەن
ئوراشقا باشلاپتۇ. ئاخىرى، ھارۋىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يىپ ئورا
مىنىڭ ئىچىگە كىرىپ قاپتۇ!
پارپا پاقا پادىشاھقا دەپتۇ:
— ئالىيلىرى، سىلى بايا شارپامغا پاتقان نەرسى-
لەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭكى بولۇشىغا ماقۇل بول-
غان. پادىشاھنىڭ سۆزى ئۆزگەرمەستۇر!



— نېمە؟ نېمە دېدىڭ؟! — دەپ توۋلىۋېتىپتۇ پاقا پادىشاھ قاتتىق چۆچۈگەن ھالدا.

پارپا تەمتىرىمەي پاقا پادىشاھنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپتۇ. پاقا پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ. ماۋۇ قاملاشمىغان ئىشنى كۆرمەمدىغان! مانا ئەمدى ئۇ كۆز ئالدىدىكى شۇنچە كۆپ نەرسىنى ئۇ پارپىغا بىكاردىن - بىكار بېرىۋېتەمدۇ؟

لېكىن، ئۇ پادىشاھ بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆزىنىڭ لەۋزىدىن يېنىۋالسا بولمايدىغانلىقىنى يادىغا ئاپتۇ! مەيلى قانچىلىك زور بەدەل تۆلىسۇن، پاقا پادىشاھ «ئېغىزدىن چىققان سۆزدىن يېنىشقا بولمايدۇ» دېگەن سۆزگە ئەمەل قىلىشى كېرەك ئىكەن. شۇڭا، ئۇ پارپىنى پار ھارۋىسى ۋە ھارۋىدىكى نەرسىلىرى بىلەن قوشۇپ يولغا سېلىپ قويۇشقا مەجبۇر بوپتۇ.

پارپا خۇشال - خۇرام ھالدا ھارۋىسىنى ھەيدەپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. ئۇ ھارۋىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى دوستلىرىغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپتۇ. پارپا دوستلىرىغا شۇنداق دەپتۇ:

— مەن ئىلكىمدىكى بارلىق نەرسە - كېرەكلەرنى دوستلىرىمغا بېرىۋېتىشكە رازىكى، ئەمما ئۆكتەم، زوراۋان پاقا پادىشاھقا بېرىشنى ئەسلا خالىمايمەن!



www.uyghurkitap.com

# قەلەي ئەسكەر

دانىيە چۆچەكى (ئەسلى ئەسەر : ئاندېرسوننىڭ)

نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى ، بىر ئوغۇل بالا بولغانىكەن . ئۇنىڭ جىق - جىق ئويۇنچۇقلىرى بار ئىكەن . ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئويۇنى ئويۇنچۇق قەلەي ئەسكەرلەرنى جەڭگە سېلىش ئىكەن .

ئۇنىڭ يىگىرمە بەش قەلەي ئەسكىرى بار ئىكەن ، بۇ ئويۇنچۇقلارنى باشقىلار ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە سوۋغا قىلغانىكەن . ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل فورما كىيگەن ، ھەممىسى مىلتىق كۆتۈرۈۋالغانىكەن ، ئۇلار بىر نىشانغا تىكىلىپ قاراپ تۇرىدىغان بولۇپ ، بەك جەسۇر كۆرۈنىدىكەن . بۇ قەلەي ئەسكەرلەر قېرىنداش ئىكەن ، ئۇلار بىر كونا قەلەي چۆمۈچنى ئېرىتىپ قۇيۇلغانىكەن .

قەلەي ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئوپئوخشاش بولۇپ ، پەقەت بىر ئەسكەر باشقىچىرەك ئىكەن . ئۇ ئاخىرىدا ياسالغان بولغاچقا ، بىر پۇتى قالغاندا قەلەي يەتمەي قالغانىكەن . ئۇ بىر بىر پۇتى بولمىسىمۇ ، پۇتى ساق ئەسكەرلەردەك مەزمۇت تۇرىدىكەن .





ھېلىقى ئوغۇل بالا بىر پۇتلۇق ئەسكەرگە ئامراق ئىكەن، دائىم ئۇنى قەلەي ئەسكەرلەر سېپىنىڭ ئەڭ ئالدىغا تىزىدىكەن، ئۇنىڭ ئەڭ باتۇر ئەسكەر بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن.

ئوغۇل بالىنىڭ ئويۇنچۇقلىرى كۆپ ئىكەن، ئەمما بىر پۇتلۇق ئەسكەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇرىدىغان ئۇسسۇلچى قىزنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن. قەلەيدىن ياسالغان بۇ قىز ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بىر پۇتىنىڭ ئۇچىنى يەنە بىر پۇتىنىڭ تىزىغا تەگكۈزۈپ تۇرىدىكەن.

ھەر كۈنى كەچ كىرگەندە بۇ يەردىكى قونچاقلار جانلىنىپ كېتىدىكەن. بىر كېچىسى يەنە شۇنداق بوپتۇ. قونچاقلار ھەر خىل ئويۇنلارنى ئويناپتۇ، ھەتتا بەزىلىرى تانسىمۇ ئويناپتۇ. قۇتىغا سېلىپ قويۇلغان قالغان قەلەي ئەسكەرلەر قۇتىدىن چىقالماي چۇقان سېلىشىپ كېتىپتۇ. ياڭاق ياغىچىدىن ياسالغان ئامبۇر موللاق ئېتىشقا باشلاپتۇ، تاش قەلەم تاش دوسكىدا ئېگىز-پەس سەكرىگىلى تۇرۇپتۇ. بۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلىغان سېرىق قۇشقاچ چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپ ۋىچىرلاشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى مۇزىكىدەك يېقىملىق ئىكەن. پەقەت بىر پۇتلۇق ئەسكەر بىلەن ئۇسسۇلچى قىزلا جايىدىن قوزغالماپتۇ. قىز پۇتىنىڭ ئۇچىدە دەسسەپ، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ، قەلەي ئەسكەرمۇ بىر پۇتى بىلەن مەزمۇت تۇرۇپتۇ، كۆزلىرى قىزدىن نېرى كەتمەپتۇ.

سائەت قوڭغۇرىقى ئون ئىككىگە داڭ ئۇرغاندا، بىر چەتتە تۇرغان تاماكا قۇتىسى بىردىنلا ئېچىلىپ كېتىپتۇ، لېكىن ئۇنىڭدا تاماكا ئەمەس، بىر جادۇگەر بار ئىكەن.

جادۇگەر قەلەي ئەسكەرگە قوللىرىنى شىلتىپ ۋارقىراپتۇ :

— ھەي شۇمتەك ! سەن كۆزۈڭگە قاراپ يۈر ، بىزنىڭ ئۇسسۇلچى قىزغا يەنە شۇنداق قاراۋېرىدىغان بولساڭ ، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن !

ئىزا تارتىپ چىرايى پوكاندەك قىزىرىپ كەتكەن بىچارە قەلەي ئەسكەر نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قاپتۇ .

ئاق كۆڭۈل ئۇسسۇلچى قىز ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپتۇ :

— ئۇنىڭ گېپى بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن ، ئۇ ھەم سەت ، ھەم ھەسەتخور . مەن سىز بىلەن پاراڭلىشىشنى بەك ياخشى كۆرىمەن .

ئۇ سۆزلەۋاتقاندا مەڭىزلىرى ئالمىدەك قىزىرىپ كېتىپتۇ .

بۇ ئىككى قەلەي ئادەم بەك تارتىنچاق ئىكەن ، ئۇلارنىڭ ھېچقايىسىسى «ياخشى كۆرىمەن» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چىقىرالمايدىكەن .

ئەتىسى ئەتىگەندە ئوغۇل بالا ئورنىدىن تۇرۇپ ، قەلەي ئەسكەرنى دېرىزە تەكچىسىگە ئېلىپ قويۇپتۇ .

— سەن بۇ يەردە پوستتا تۇر ، — دەپتۇ ئوغۇل بالا ، ئاندىن تالاغا چىقىپ كېتىپتۇ .

بۇ دەل ياز كۈنلىرى ئىكەن ، قەلەي ئەسكەر شۇ تۇرغىنىچە بىرنەچچە كۈن تەكچىدە تۇرۇپ قاپتۇ .

ھېلىقى جادۇگەر ئەپسۇن ئوقۇدىمۇ ياكى شامالدا شۇنداق بولدىمۇ ، دېرىزە تۇساتتىن ئېچىلىپ قەلەي ئەسكەر تالاغا موللاق ئېتىپ چۈشۈپتۇ . ئۇنىڭ ساۋۇت كىيگەن بېشى يەرگە ، پۇتى ئاسمانغا بولۇپ قاپتۇ . مىلتىقىنىڭ ئۇچى يولغا ياتقۇزۇلغان تاشلارنىڭ يوچۇقىغا قادىلىپ قاپتۇ .

قەلەي ئەسكەر ئۇھ تارتىپ : «ئەگەر ئۇنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋالغان بولسام نەقەدەر ياخشى بولاتتى - ھە !» دەپتۇ ئۆز - ئۆزىگە .

ئەتىسى ئەتىگەندە ، ئوغۇل بالا بىلەن بالا باققۇچى ئۇنى ئىزدىگىلى بىنادىن چۈشۈپتۇ ، بالا باققۇچى قولىغا بىر تاياقنى ئېلىۋاپتۇ .





ئۇلار قوللىرى بىلەن ئوت ـ چۆپلەرنى قايرىپ خېلى ئۇزاق ئىزدەپتۇ، قەلەي ئەسكەرنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنى كۆرەلمەي قاپتۇ. قەلەي ئەسكەر: «مەن بۇ يەردە!» دەپ توۋلىماقچى بولۇپتۇ، ئۇچامدا ھەربىي كىيىم تۇرۇپ بۇنداق ۋارقىرىسام ئەدەپسىزلىك بولىدۇ، دەپ ئويلاپ ئۇنىنى چىقارماپتۇ.

چۈشتىن كېيىن ھاۋا تۇتۇلۇپ يامغۇر يېغىشقا باشلاپتۇ ۋە بارغانسېرى كۈچىيىپ، خۇددى ئاسماندىن چېلەكلەپ سۇ قۇيغاندەك چۈشكىلى تۇرۇپتۇ. يامغۇر توختىغاندا، يېقىن ئەتراپتىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشىپ مەكتەپتىن قايتىپتۇ.

تام ياقىلاپ ماڭغان ئىككى ئوغۇل بالا باشچىلاپ سانجىلىپ قالغان قەلەي ئەسكەرنى كۆرۈپ قاپتۇ. بىر بالا ئۇنى تارتىپ چىقىرىپ، يانچۇقىغا سېلىۋاپتۇ.

بۇ چاغدا كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى كېرەكسىز سۇ ئېرىقىدا يامغۇر سۈيى لىققىدە ئېقىۋاتقانىكەن. بىر بالا:

— بۇ قەلەي ئەسكەرنى قېيىققا سېلىپ ئوينايلى، — دەپتۇ.

ئۇلار بىر پارچە گېزىتتىن قېيىق ياساپ، قەلەي ئەسكەرنى ئۇنىڭ ئىچىگە ساپتۇ. قەلەي ئەسكەر ئېرىقنى بويلاپ ئېقىپ كېتىپتۇ. ئىككى بالا قاشتا چاۋاك چېلىشىپ ئارقىدىن يۈگۈرۈپتۇ.

— ئەجەب تېز ئېقىپ كېتىۋاتىدۇ!

ئۇلار جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈرگەن بولسىمۇ، قېيىق بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىپتۇ.

قاتتىق يامغۇر ياغقاچقا، ئېرىقتا شىددەتلىك دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ چوڭ ئېقىم پەيدا بوپتۇ. قېيىق بىر ئۆرلەپ، بىر پەسلەپ مېڭىپتۇ، بەزىدە تۇيۇقسىز پىرقىراپ قەلەي ئەسكەرنىڭ بېشىنى قايدۇرۇۋېتىپتۇ. ئەمما، ئۇ چىدىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي، مىلتىقىنى مۈرىسىگە قويۇپ، بىر نىشانغا تىكىلگىنىچە مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇرىۋېرىپتۇ.



قاتتىق يامغۇردا سۇنىڭ ئېقىشى تېزلەپ كەتكەنلىكتىن، قېيىق بىر ئۆرلەپ، بىر پەسلەپ ئېقىپ قەلەي ئەسكەرنىڭ بېشىنى قايدۇرۇپ، كۆزلىرىنى ئالىچەكمەن قىلىۋېتىپتۇ. ئەمما، ئۇ قەددىنى تىك تۇتقىنىچە قېيىق ئۈستىدە مەزمۇت تۇرۇپتۇ.

قېيىق كېتىۋېتىپ بىردىنلا كەڭ يەر ئاستى ئۆستىڭىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئەتراپنى زۇلمەت قاراڭغۇلۇقى بېسىپ، قەلەي ئەسكەر يەنە قۇتىنىڭ ئىچىگە سولىنىپ قالغاندەك بولۇپ قاپتۇ.

«قېنى، قاراپ باقاي، ئېقىپ نەگە بارىدىكىن؟ — دەپ ئويلاپتۇ قەلەي ئەسكەر، — توغرا! بۇ ھېلىقى جادۇگەرنىڭ ھىيلىسى! ئاھ، شۇ تاپتا قېيىقىمدا ئۇسسۇلچى قىز بولغان بولسا، ھەرقانچە قاراڭغۇدىنمۇ قورقمىغان بولاتتىم!»

يەر ئاستى سۇ يولى قاپقاراڭغۇ، سۇ چوڭقۇر ھەم پاسكىنا ئىكەن. تۇيۇقسىز يەر ئاستى ئۆستىڭىدىن يوغان بىر چاشقان چىقىپتۇ:

— يولخېتىڭ قېنى؟ يولخېتىڭنى چىقار! ھەي ئەسكەر، مەن سېنىڭدىن يولخېتىڭنى سوراۋاتىمەن! — دەپ ۋارقىراپتۇ چاشقان چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ.

قەلەي ئەسكەر بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، قولىدىكى مىلتىقنى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپتۇ.

قېيىق ئالغا قاراپ مېڭىۋېرىپتۇ، چاشقان ئۇنىڭ ئارقىدىن قوغلاپ كېلىۋېتىپ توۋلاپتۇ:



— ئۇنى تۇتۇڭلار، ئۇنى تۇتۇڭلار! ئۇ يول پۇلى تۆلىمىدى!

قەلەي ئەسكەر چاشقانغا زادىلا پەرۋا قىلماي، ئالدىغا قارىغىنىچە تۇرۇۋېرىپتۇ. قېيىق ئۇچقاندەك ئېقىۋېرىپتۇ، چاشقان كەينىدىن قوغلىغىنىچە چالۋاقاپتۇ:

— ئاۋۇ ئەبلەخنى چاققان تۇتۇڭلار، ئۇنى قاچۇرۇپ قويماڭلار!

ئۇ ھەرقانچە ۋارقىرىغان بىلەن، ئالدى تەرەپتە چاشقاننىڭ دوستلىرى يوق ئىكەن. چاشقان كەيپى ئۇچقان ھالدا كېتىپ قاپتۇ.

قېيىق يەر ئاستى ئۆستىڭىنىڭ ئايىغىغا يېتىپ بارغاندا كۈن نۇرى كۆرۈنۈپتۇ. لېكىن، ھەرقانچە باتۇر ئادەمنىڭمۇ يۈرىكىنى تىترىتكۈدەك دەھشەتلىك شاۋقۇن ئاڭلىنىپتۇ، ئۆستەڭ كەڭ قانالغا قۇيۇلۇپتۇ. قەلەي ئەسكەر ئۆزىنى توختىتالماي قانالغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. قېيىق قىرغاققا قاتتىق سوقۇلۇپتۇ. قەلەي ئەسكەر قەددىنى تىك تۇتۇشقا تىرىشىپتۇ. قېيىق ئۈچ - تۆت قېتىم پىرقىراپتۇ - دە، ئىچىگە سۇ تولۇپ، چۆكۈشكە باشلاپتۇ ... قەددىنى تىك تۇتۇپ تۇرغان قەلەي ئەسكەرنىڭ بېشىلا كۆرۈنۈپ قاپتۇ. قېيىق چۆككەنسېرى قەغەزمۇ يۇمشاپ كېتىپتۇ، قەلەي ئەسكەرنىڭ بېشىمۇ سۇغا چۆكۈشكە باشلاپتۇ. ئۇ ئەمدى گۈزەل ئۇسسۇلچى قىزنى كۆرەلمەيدىغان بولدۇم، دەپ ئويلاپتۇ.

قەغەز يىرتىلىپ قەلەي ئەسكەر سۇ ئاستىغا چۆكۈپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا بىر يوغان ئېغىز «ھام» قىلىپلا قەلەي ئەسكەرنى يۇتۇپ كېتىپتۇ. قەلەي ئەسكەرنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپتۇ. ئۇ كۆزىنى قايتا ئاچقاندا، ئۆزىنى بىر يوغان بېلىقنىڭ قورسىقىدا كۆرۈپتۇ.

بېلىقنىڭ قورسىقى يەر ئاستى ئۆستىڭىدىنمۇ سىقىق ھەم تار ئىكەن، لېكىن قەلەي ئەسكەر قەتئىي تىز پۈكمەپتۇ، ھەتتا يىقىلىپ چۈشكەن چاغدىمۇ مىلتىقىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپتۇ.





www.uyghurkitap.com



بېلىق ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇپ بىرھازا تېپىرلاپ، بىردىنلا جىمىپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە ئۇ بېلىقچىنىڭ تورىغا چۈشۈپ قالغىنىكەن. ئۇزاق ئۆتمەي، نەپسى قىيىنلىشىپ كېتىۋاتقان بېلىق سېۋەتكە سېلىنىپ بازارغا ئاپىرىلىپتۇ.

بىر قىز بازاردا نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىپ يۈرگەنىكەن، ئۇ دەل قەلەي ئەسكەر تۇرىدىغان ئۆينىڭ خىزمەتكارى ئىكەن. قىز ھېلىقى بېلىقنى كۆرۈپتۇ - دە، ئۇنى سېتىۋاپتۇ.

قىز بېلىقنىڭ ئىچىنى تازىلىماقچى بولۇپ قورسىقىنى يارغاندا، ئۇستۋېشى مەينەت بولۇپ كەتكەن قەلەي ئەسكەرنى كۆرۈپ قاپتۇ. خىزمەتكار قىز ئىختىيارسىز:

— قەلەي ئەسكەر! — دەپ ۋارقىرىۋېتىپتۇ.

«ئۇ بىزنىڭ ئۆيدىكى ئوغۇل بالىنىڭ ئويۇنچۇقلىرىغا بەك ئوخشايدىكەن...» دەپ ئويلاپتۇ خىزمەتكار قىز. ئۇ قەلەي ئەسكەرنى ئوغۇل بالىنىڭ ياتىقىغا كۆتۈرۈپ ئەكىرىپتۇ. ئوغۇل بالا قەلەي ئەسكەرنى كۆرۈپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتىپتۇ.

خىزمەتكار قىز كۆرگەنلىرىنى بالىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئوغۇل بالا بىر قاراپلا بىر پۇتلۇق قەلەي ئەسكەرنى تونۇۋاپتۇ .
— ۋاي - ۋۇي ، شۇنچە ئىزدەپمۇ ئۇنى تاپالمىغىنىم ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسكەن - دە ! — دەپتۇ ئۇ ھەم ھەيران، ھەم خۇشال بولۇپ .
بالا ئۇنى جوزىنىڭ ئۈستىگە ، ھېلىقى ئۇسسۇلچى قىزنىڭ يېنىغا قويۇپ قويۇپتۇ .
قەلەي ئەسكەر ئۆزىنىڭ يەنە بۇرۇنقى ئۆيگە كېلىشىپ قالغانلىقىنى بايقاپ قاتتىق ھەيران بوپتۇ . ئۈستەلدىكى ئويۇنچۇقلار ، ھەشەمەتلىك ئويۇنچۇق ئوردا شۇ پېتى ئىكەن . ھېلىقى ئوماق ، نازۇك ئۇسسۇلچى قىز يەنىلا بىر پۇتىنى ئىزىغىچە كۆتۈرۈپ ، يەنە بىر پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن يەرنى دەسسەپ تۇرغۇدەك ، قەلەي ئەسكەر قىزنىڭ قەيسەرلىكى-دىن قاتتىق تەسىرلىنىپ ، يىغلىۋەتكىلى تاسلا قاپتۇ ، بىراق ئۆزىنى بېسىۋاپتۇ . چۈنكى ، ياش تۆكۈش ھەرگىز ئوغۇل بالىنىڭ خىسلىتى ئەمەس - دە !
ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ گەپ - سۆز قىلماي تۇرۇپ قاپتۇ .
بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقلارنى تەقدىر يەنە بىر قېتىم جەم قىپتۇ .
ئۇلار شۇ تاپتا ئۆزلىرىنىڭ يېقىن تۇرغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇش بوپتۇ .
كەچ كىرگەندە بۇ يەردىكى قونچاقلار يەنە جانلىنىپ كېتىپتۇ . ئۇلار ھەر خىل ئويۇنلارنى ئويناپتۇ ، ھەتتا بەزىلىرى تانسىمۇ ئويناپتۇ . قۇتى-غا سېلىپ قويۇلغان قالغان قەلەي ئەسكەرلەر قۇتىدىن چىقالماي چۇقان سېلىشىپ كېتىپتۇ . ياڭاق ياغىچىدىن ياسالغان ئامبۇر موللاق ئېتىشقا باشلاپتۇ ، تاش قەلەم تاش دوسكىدا ئېگىز - پەس سەكرىگىلى تۇرۇپتۇ ، ئويغىنىپ كەتكەن سېرىق قۇشقاچمۇ ۋىچىرلىغىلى تۇرۇپتۇ...





ئەمما، قەلەي ئەسكەر بىلەن ئۇسسۇلچى قىز ئويۇنغا قوشۇلماپتۇ، ئۇلار ئايرىلىپ كەتكەن چاغلىرىدىكى ئىشلار توغرىسىدا قانغۇچە پاراڭلىشىپتۇ.

بىر كۈنى تۇيۇقسىز چىققان بوران قېلىن ھەم ئېغىر دېرىزە پەردىسىنى پۇلاڭلىتىۋېتىپتۇ، ئۇسسۇلچى قىز بىردىنلا جوزىدىن تام مەشكە چۈشۈپ كېتىپتۇ. قەلەي ئەسكەر قاتتىق قورقۇپ كېتىپتۇ.

ئۇسسۇلچى قىزنىڭ تام مەشكە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن قەلەي ئەسكەر قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپتۇ. ئۇنىڭ ئۆزى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرگەن قىزنى ئوتتىن قۇتقۇزۇۋېلىشقا ئامالسىز ئىكەن. چۈنكى قەلەي ئوتتا ناھايىتى ئاسانلا ئېرىپ كېتىدىكەن.



لېكىن، مۇھەببەتنىڭ كۈچ - قۇدرىتى قەلەي ئەسكەرگە مەدەت بېرىپتۇ. ئۇ ئاقساقلىغان پۇتى سۇرۇلە - سۇرۇلە، ئاخىرى تېگى بىلەنلا تام مەشنىڭ ئىچىگە سەكرەپ چۈشۈپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بەختسىز ئىككى قەلەي ئادەم ئوت ئىچىدىمۇ يانمۇيان تۇرۇپتۇ، ئۇلارنىڭ ئاياغ ئاستىدىكى تەگلىك ئېرىشكە باشلاپتۇ، ئىككىسىنىڭ قەلەي ئېرىتمىلىرى قوشۇلۇپ كېتىپتۇ.

ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى ئېرىپ كېتەي دېگەن چاغدا، ئۇشتۇمتۇت ھېلىقى ئوغۇل بالا ئۇلارنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ لاخشىگىرنى ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، پۇتى بىلەن بىر تېپىپ ئىككى قەلەي ئادەمنى چىقىرىۋاپتۇ.

كېيىن قەلەي ئەسكەر بىلەن ئۇسسۇلچى قىز يۈرەك شەكلىدىكى تەگلىك ئۈستىدە مەزمۇت تۇرىدىغان، بىر - بىرىدىن مەڭگۈ ئايرىلمايدىغان بوپتۇ.

www.uyghurkitap.com





# ئالتە ئەزىمەت

گېرمانىيە چۆچىكى (ئەسلى ئەسەر: گرىمنىڭ)

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا، مارتىن ئىسىملىك بىر ياش ئەسكەر ئۆتكەنكەن. ئۇ پادىشاھ قوشۇنىغا قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىنكى بىرقانچە يىللىق ئۆمرى ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنلەرگە بارغاندا ئۇرۇشمۇ تۈگەپتۇ. مارتىن ئەسكەرلىكتىن بوشىنىپ، يۇرتىغا بېرىپ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرمەكچى بوپتۇ. ئەمما، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان پادىشاھ مارتىننى شۇ يەردە قېلىپ ئىككى دۆلەتنى ئايرىپ تۇرغان بىر دەريادىكى كۆۋرۈكنى ساقلاشقا بۇيرۇپتۇ.

ھەش - پەش دېگۈچە يەنە ئىككى يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ، مارتىن سادىقلىق بىلەن كۆۋرۈكنى قوغداپتۇ. لېكىن، ئاشۇ ئىككى يىل جەريانىدا پادىشاھ ھەربىي تەمىنات بەرمىگەچكە، مارتىن كۆۋرۈكنى ساقلىغاچ تىلەمچىلىك بىلەن جان بېقىشقا مەجبۇر بوپتۇ.

«بۇنداق كېتىۋەرسەم بولمىغۇدەك! — دەپ ئويلاپتۇ مارتىن بىر كۈنلەرگە بارغاندا، — كۆۋرۈكنى ساقلىسام ساقلاي، ئەمما پادىشاھ ماڭا تەمىنات بېرىشى كېرەك - دە!»

شۇنىڭ بىلەن مارتىن پايتەختكە بېرىپ، پادىشاھتىن ئۆزىنىڭ ئىش ھەققىنى ئالماقچى بوپتۇ.

مارتىن بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ، بىر دەريانىڭ بويىغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ يەردە ئۇ بىلەكلىرى بۇقىنىڭ يوتىسىدەك توم، مۈرىلىرى خۇددى ئىشىكنىڭ قانىتىدەك كەڭ بىر گىگانت ئادەمنى كۆرۈپتۇ.

مارتىن گىگانت ئادەمگە سالام بېرىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ پادىشاھتىن ئىش ھەققىنى ئالغىلى كېتىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. گىگانت ئادەم بىر چوڭ دەرەخنى ھېچقانچە كۈچىمەيلا يۇلۇۋاپتۇ - دە، دەرياغا توغرىسىغا قويۇپ:

— قېنى، ئەسكەر، دەريادىن خاتىرجەم ئۆت! — دەپتۇ.

مارتىن بۇ كۈچتۈڭگۈر پالۋاننىڭ كېرەككە كېلىدىغانلىقىنى بايقاپ، ئۇنى بىللە سەپەر قىلىشقا تەكلىپ قىپتۇ.

ئۇلار ئانچە ئۇزاق ماڭمايلا بىر ئوۋچىغا يولۇقۇپتۇ.

— يىراقتىكى تاغ چوققىسىدىكى ئاۋۇ ئۆمۈچۈك تورىدىكى ئۆمۈچۈكنى كۆردۈڭلارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئوۋچى ۋە گېپىنى تۈگىتىپلا بىر پاي ئوق ئېتىپتۇ. ئۈچەيلەن تاغ چوققىسىغا چىقىپ، ھېلىقى ئۆمۈچۈكنىڭ ئوقتا ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ.



www.uyghurkitap.com

مارتىن ئۇۋچىنىمۇ ئۆزى بىلەن پايتەختكە بېرىشقا تەكلىپ قىپتۇ. ئۇچەيلەن ماڭا - ماڭا، توختىماي پىرقىراۋاتقان بىر شامال تۈگمىنىنىڭ يېنىغا كېلىپ قاپتۇ. لېكىن، بۇ يەردە ئازراقمۇ شامال يوق ئىكەن.

ئۇلار يەنە ئالغا قاراپ كېتىۋاتسا، ئاجايىپ سېمىز بىر ئادەم ئۇچراپتۇ، ئۇ بارمىقى بىلەن بۇرنىنىڭ بىر تۆشۈكىنى ئېتىۋېلىپ، يەنە بىر تۆشۈكىدىن چىقارغان ھاۋا بىلەن شامال تۈگمىنىنى پىرقىرىتىۋاتقۇدەك. مارتىن ھەيرانلىقىنى باسالماي قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھېلىقى «بودەك»نى ئۆزلىرىنىڭ قاتارىغا قېتىلىشقا قايىل قىپتۇ.

پايتەختكە يېتىپ بېرىشقا ئاز قالغاندا، ئۇلار بىر ئادەمنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ئىككى پۇتىنى بىر قىلىپ باغلىۋېلىپ، تاقلاپ - سەكرەپ مېڭىپ كېتىۋاتقۇدەك.

— سىنى كىم بۇنداق باغلاپ قويدى؟ — دەپ سوراپتۇ تۆتەيلەن.

— ئۆزۈم باغلىدىم، — دەپتۇ بۇ يىگىت، — ئەگەر مەن پۇتلىرىمنى باغلىۋالمىسام، شامالدەك ئۇچۇپ كېتىمەن ـ دە، ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرنى قانغۇدەك كۆرەلمەي قالىمەن.

شۇنىڭ بىلەن بۇ يىگىتمۇ ئۇلارنىڭ سېپىگە تەكلىپ بىلەن قېتىلىپتۇ. ھەممەيلەن ئۇنى «يەلتاپان» دەپ چاقىرىدىغان بوپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇلار بىر دەرەخنىڭ ئاستىدا ئولتۇرغان يۇمىلاق يۈزلۈك، پاكار بويلۇق بىر ئادەمنى كۆرۈپتۇ. ئۇ شىلەپىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ سول قۇلىقىنى ئېتىۋالغانىكەن.

— سول قۇلىقىڭنى ئېتىۋالغىنىڭ نېمىسى؟ — دەپ سوراپتۇ مارتىن ھەيران بولۇپ.

— ئەگەر شىلەپەمنى ئېلىۋەتسەم، — دەپتۇ ئۇ، — ئەتراپتىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى توڭلاپ چوكا مۇزغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ھەممەيلەن ئۇنىڭ بۇ ماھارىتىگە قايىل بوپتۇ.

— سىلەر نەگە كېتىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. مارتىن ئەھۋالنى سۆزلەپ بەرگەنىكەن، ئۇمۇ مارتىنلارنىڭ قاتارىغا قوشۇلۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار تەقى ـ تۇرقىمۇ، قولىدىغان كېلىدىغان ئىشىمۇ ئاجايىپ ـ غارايىپ بولغان ئالتە ئادىمى بار بىر گۇرۇپپا بولۇپ قاپتۇ.

ئۇلار سېپىل دەرۋازىسىغا كەپتۇ. قارىسا، سېپىل تېمىغا بىر ئېلان چاپلاپ قويۇلۇپتۇدەك. ئېلاندا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە مەلىكىنى كىم يېڭىۋالسا، ئۇ شۇنىڭغا تېگىدۇ، دەپ يېزىلغانىكەن.



ئالتەيلەن بىر سارايغا ئورۇنلىشىپتۇ . ئۇزۇن سەپەر جەريانىدا ئۈستىۋې-
شى ۋە يۈز - كۆزلىرىنى چاڭ - توزان باسقان مارتىن يۇيۇنۇپ ئوبدان ئارام
ئاپتۇ . ئەتىسى ئۇ ئوردا ئالدىغا بېرىپ ، مەلىكە بىلەن يۈگۈرۈش مۇسابىقى-
سىگە چۈشىدىغانلىقىنى ، ئەمما ئۆزىنىڭ ئورنىدا بىر مالىيىنىڭ يۈگۈرىدى-
غانلىقىنى ئېيتىپتۇ .

مەلىكە ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ . «ئۆزۈڭنىڭ ئورنىڭدىن
قارىغاندا ئاددىي بىر ئەسكەردەك قىلىسەن ، سېنىڭ مالىيىڭ قانچىلىك بول-
ماقچى» ئويلاپتۇ ئۇ ۋە مارتىننىڭ شەرتىگە ماقۇل بوپتۇ .

ئەتىسى ئەتىگەندە مەلىكە بىلەن «يەلتاپان» ئىككىيلەن بىردىن سۇدانىنى
ئېلىپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىغا كەپتۇ . چۈنكى
مۇسابىقە قائىدىسى بويىچە ، مۇسابىقىلەشكۈچىلەر يۈگۈرۈش جەريانىدا بې-
سىپ ئۆتىدىغان ئۆستەڭدىن سۇدانىغا سۇ ئېلىشى ، ئاخىرقى نۇقتىغا يېتىپ
كەلگەندە ، سۇدانىدا لىقمۇلىق سۇ بولۇشى كېرەك ئىكەن .

يۈگۈرۈش سىزىقى ئۈستىدە ئوق ئاۋازى ياڭراپتۇ . «يەلتاپان» ئىككى
پۇتىنى باغلىۋالغان شويىنىنى يېشىۋەتكەنىكەن ، راكېتادەك ئۇچۇپ كېتىپتۇ .
«يەلتاپان» سۇدانىغا سۇنى تولدۇرۇپ بولۇپ ، قايتىدىغان چاغدا ئارقىغا قاراپ-
تۇ ، ئەمما مەلىكىنىڭ ئۆزى تۇرماق ، كۆلەڭگىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ . شۇنىڭ
بىلەن ئۇ تاغ باغرىدا يېتىپ بىردەم ئارام ئېلىۋالماقچى بوپتۇ .





مۇسابىقە ئوتلاقتا ئېلىپ بېرىلغانىكەن، مەخمەلدەك ئوت - چۆپلەر ۋە ياۋا گۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقى تەبىئەتنى ياخشى كۆرىدىغان «يەلتاپان»نى ئاجايىپ راھەتلەندۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇ ئوتلاقتا يېتىپ تۇرۇپ ئارقىغا يەنە قاراپتۇ، ئەمما مەلىكە كۆرۈنمەپتۇ. «يەلتاپان» مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ: «بۇ ھاكاۋۇر مەلىكە مەن بىلەن مۇسابىقىلەشكۇدەك تېخى! — دەپتۇ ئۆز - ئۆزىگە، — مەن بىر ئۇخلاپ قوپقۇچە بۇ يەرگە يېتىپ كېلەلمەدۇ قېنى، بىر كۆرۈپ باقاي!»

«يەلتاپان» راستتىنلا خورۇلداپ ئۇخلاپ كېتىپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن مەلىكە يېتىپ كەپتۇ. قارىسا، «يەلتاپان» تاتلىق ئۇخلاۋاتقۇدەك. مەلىكە: «ئوبدان ئۇخلا، كالۋا! سەن مېنىڭ تەگدىشىم بولالامتىڭ» دەپتۇ - دە، «يەلتاپان»نىڭ سۇدىنىنى ئاستاغىنا تېپىپ ئۆرۈۋېتىپتۇ، ئاندىن ئاخىرقى نۇقتىغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ئەمدى چوقۇم يېڭىدىغان بولدۇم، دەپ ئويلاپتۇ.

بۇ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسى ئوۋچىنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالماپتۇ. ئۇ ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى بايقاپ، ئاسمانغا قارىتىپ بىر پاي ئوق ئېتىپتۇ. ئوق دەل «يەلتاپان»نىڭ قۇلاق تۈۋىدىكى ئوتلاققا كېلىپ چۈشۈپتۇ.

چۆچۈپ ئويغانغان «يەلتاپان» شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، مەلىكە ئاخىرقى نۇقتىغا يېتىپ بېرىشقا ئاز قاپتۇدەك. ئۇ دەرھال ئۆستەڭ بويىغا ئۇچقاندەك قايتىپ بېرىپتۇ - دە، سۇدانغا لىق سۇ ئېلىپ چاقماق تېزلىكىدە ئاخىرقى نۇقتىغا قاراپ ئېتىلىپتۇ.

«يەلتاپان» يېڭىۋاپتۇ !

پادىشاھ مارتىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ .

مارتىن ئىككى يىلدىن بۇيان چېگرىدىكى دەرياغا سېلىنغان كۆۋرۈكنى ساقلىغانلىقىنى ، ئەمما بىرەر قېتىممۇ ھەربىي تەمىنات ئالالماي تىلەمچىلىك بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ . لېكىن پادىشاھ مارتىننىڭ ساداقەتمەنلىكىدىن ۋە شۇنچە جاپا - مۇشەققەت تارتىپ كۆۋرۈكنى قوغدىغانلىقىدىن تەسىرلەنمەپتۇ ، ئەكسىچە «مېنىڭدىن ھەق تەلەپ قىلغۇدەك بولدۇڭمۇ ؟ !» دەپ خاپا بولۇپ كېتىپتۇ .

ئۇنىڭ قارىشىچە ، مەيلى قانداق بولسا بولسۇن ، بۇ نامرات ئەسكەرنى ئۆزىنىڭ كۈيئوغلى قىلىش تۇرسۇن ، ئىككى يىللىق ئىش ھەققىنى بەرسىمۇ بولمىغۇدەكمىش .

لېكىن ، ھىيلىگەر پادىشاھ يەنىلا قىزغىن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ، مارتىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا زىياپەت بېرىپتۇ .

ئۇلار تەكلىپ قىلىنغان ئاشخانا ناھايىتى ھەشەمەتلىك بولغىنى بىلەن ، ئۇ ناھايىتى چوڭ بىر مەشىنىڭ ئۈستىگە سېلىنغانىكەن .

مارتىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بۇ ئۆينىڭ ئۆزلۈكىدىن ئېتىلىپ قالىدىغانلىقىنى بىلمەي ، ئۆيگە كىرىپ غىزالىنىشقا باشلاپتۇ .





— بۇ يالاڭتۆش مېنىڭ قىزىمغا ئۆيلەنگۈدەك تېخى ! — دەپتۇ پادىشاھ دىمىغىنى قېقىپ ، — ئۇنداق ئاسان ئىش يوق ساڭا !

پادىشاھ خىزمەتكارلىرىغا ئاشخانىنىڭ ئىشىكىنى چىڭ تاقاپ ، ئاستىدىكى مەشكە ئوت قالاشقا بۇيرۇپتۇ .

ئالتە ئاغىنە ئەمدىلا غىزالىنىپ تۇرۇشىغا ، ئۆينىڭ ئىسسىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قاپتۇ . بىردەمدىن كېيىن ئۇلار ئىسسىقتا نەپەسمۇ ئالالماي قاپتۇ .

— خاتىرجەم بولۇڭلار ، چاتاقنى ئوڭشايدىغانغا مانا مەن بار ! — دەپتۇ يۇملاق يۇزلۇك پەتەك . ئۇ بىر قۇلىقىنى باستۇرۇپ قىڭغىر كىيىۋالغان شلەپىسىنى تۇز كىيگەنىكەن ، ئۆينىڭ ئىچى بىردەمدىلا مۇزلاپ كېتىپتۇ ، ھەتتا ئانچە ئۆتمەي ئۇلار سوغۇقتا جاقىلداپ تىترەشكە باشلاپتۇ .

ئەتىسى پادىشاھ كاۋاپ بولۇپ ئۆلگەن ئالتەيلەننىڭ ئۆلۈكىنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ ھېلىقى ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچقۇزسا ، مارتىن ۋە ئۇنىڭ بەش ھەمراھى سوغۇقتا دىر - دىر تىترەپ تۇرغۇدەك . پادىشاھ چۆچۈپ كېتىپتۇ ، ئەمما چاندۇرماپتۇ . ئۇ بۇ قېتىممۇ يېڭىلگىنىگە تەن بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ ، ئەمما قىزىنى مارتىنغا بېرىشنى يەنىلا خالىماپتۇ .

— ئەگەر سەن توي ئىشىنى تىلغا ئالمىساڭ ، ساڭا لىققىدە بىر خالتا ئالتۇن بېرىمەن ، — دەپتۇ پادىشاھ سودىلاشماقچى بولۇپ .



www.uyghurkitap.com

— بولىدۇ ! — دەپتۇ مارتىن ، — بىراق بىر شەرتىم بار

— قىزىم توغرۇلۇق گەپ قىلمايدىغانلا بولساڭ ، ھەرقانداق شەرتىڭگە قوشۇلۇشقا مەن تەييار ! — دەپتۇ پادىشاھ .

— شەرتىم شۇ : قانداق خالتىنى تاللاش مېنىڭ ئىختىيارىمدا بولسۇن .

— چاتاق يوق ، كۆتۈرەلەيدىغانلا بولساڭ ، خالتاڭنى خالىغىنىڭچە توشقۇزۇۋال ، — دەپتۇ پادىشاھ .

بىچارە پادىشاھ ناھايىتى چوڭ بىر خالتىغا ئالتۇن - كۈمۈشلەر قاچىلىنىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرگەن چاغدىلا ، ئاندىن ئۆزىنىڭ پۈتۈن خەزىنىسىدىكى بايلىقى بۇ خالتىغا پېتىپ كېتىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ .

دەرۋەقە ، پادىشاھنىڭ خەزىنىسى قۇرۇقدىلىنىپ قاپتۇ ، پادىشاھ بىر نامرات يالاڭتۆشكە ئايلىنىپ قاپتۇ .

پادىشاھ ئاچچىقىدا بۇرگىدەك سەكرەپ كېتىپتۇ . ئۇ ئىككى يىڭ ئەسكەرنى مارتىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ .

— ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى پادىشاھقا قايتۇرۇپ بېرىڭلار ، قولۇڭلارنى كۆتۈرۈپ تەسلىم بولۇڭلار ! — دەپ ۋارقىرىشىپتۇ ئەسكەرلەر .





لېكىن ، ئالتە ئەزىمەت قىلچە قورقۇپ قالماپتۇ .
چۈنكى ، ئۇلارنىڭ «بودەك» باتۇرى بار ـ دە ! «بو-
دەك » چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋېلىپ ، تازا كۈچەپ بىر
پۈۋلىگەنىكەن ، پادىشاھنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بەزىلى-
رى ئاتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ يىراق ـ يىراقلارغا
دومىلاپ كېتىپتۇ ، بەزىلىرى ئاتلىرىدىن دومىلاپ
چۈشۈپتۇ ، ئۇلارنىڭ ئۆلگەنلىرى ئۆلۈپ ، ئۆلمى-
گەنلىرى قورال- ياراغلىرىنى تاشلاپ بەدەر تىكىۋې-
تىپتۇ .

پادىشاھنىڭ قوشۇنى ئادەتتىن تاشقىرى ماھارەت-
كە ئىگە بۇ ئالتە ئەزىمەتكە زادىلا تەڭ كېلەلمەپتۇ .
ئالتە ئەزىمەت ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى باراۋەر ئالتە
ئۈلۈشكە تەقسىملەپ بۆلۈشۈپتۇ ، ئاندىن بىر ـ بى-
رى بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلىشىپ ، ئۆز يوللىرىغا
راۋان بولۇشۇپتۇ .

شۇنىڭدىن تارتىپ ، مارتىن بۇياقلارغا قايتىپ
كەلمەپتۇ .





www.uyghurkitap.com

# ئەقىللىق دېھقان

روسىيە چۆچىكى (ئەسلىي ئەسەر: ئافاناسىيېفنىڭ)

بۇرۇنقى زاماندا بىر دېھقان ئۆتكەنىكەن. ئۇ ھەر كۈنى تاڭ سۈزۈلگەندىن تا يۇلتۇزلار جىمىرلىغۇچە ئېتىزدىن بېرى كەلمەيدىكەن. ئەمما، ئۇ ئىشلەيدىغان يەرنىڭ ئىگىسى كاتتا بىر باي ئىكەن.

بىر كۈنى دېھقان ئېتىزلىقتا بىر دەرەخ كۆتىكىنى كولاپتۇ. بىردەم ئىشلىگەندىن كېيىن، گۈرجىكى نېمىگىدۇر تەگكەندەك قىپتۇ. دېھقان يەنە بىرئاز كولىغانىكەن، بىر ھەميان چىقىپتۇ. ئېچىپ قاراپ باقسا، لىققىدە تىللا قاچىلاقلىق ئىكەن.

— ۋاي، بۇ نېمە كارامەت؟! — دېھقان ئىختىيارسىز توۋلىۋېتىپتۇ.

ئۆمرىدە بۇنچە كۆپ تىللانى كۆرۈپ باقمىغان دېھقان داڭقېتىپ تۇرۇپلا قاپتۇ.

قانۇن بويىچە بولغاندا، بۇ يەر باينىڭ بولغاندىكىن، دېھقان ئېتىزلىقتا تېپىۋالغان تىللالارنىڭ ھەممىسىنى بايغا تاپشۇرۇپ بېرىشى كېرەك ئىكەن. لېكىن، دېھقان: «بۇنداق بولسا بەك ئادالەتسىزلىك بولىدۇ، چۈنكى ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن ئارام ئالماي شۇنچە ئىشلىسەممۇ مەن يەنىلا ئىنتايىن نامرات، باينىڭ بولسا نۇرغۇن - نۇرغۇن پۇللىرى بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ھەميانىنى باينىڭ كۆمۈپ قويۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇنداق بولغاندىكىن، كىم تېپىۋالسا شۇنىڭكى بولۇشى كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ.

دېھقان ھوشيارلىق بىلەن ئەتراپىغا قاراپتۇ، چۈنكى ئۇ ئېھتىيات قىلمىسا بولمايدۇ - دە! ئەگەر باشقىلار ئۇنىڭ تۇيۇقسىز ئامىتى كەلگەنلىكىنى بىلىپ قالغۇدەك بولسا، دېھقاننى پالاكەت بېسىشى تۇرغان گەپ. دېھقاننى تەلىيىگە يېقىن ئەتراپتا ھېچكىم كۆرۈنمەپتۇ.

«بۇ ئىشنى ھېچكىمگە، ھەتتا ئايالىمغىمۇ تىنماسلىقىم كېرەك!» دەپ ئويلاپتۇ دېھقان. ئۇنىڭ ئايالى مەھەللىدە داڭقى بار ۋىتىلداق بولۇپ، زادىلا ئىچىدە گەپ ياتمايدىكەن.

دېھقان تولا ئويلاپ، ئاخىر بىر ئامال تېپىپتۇ. ئۇ ئۆيىگە قايتىشتىن بۇرۇن، تىللالارنى ئوت - چۆپلەرنىڭ ئارىسىغا كۆمۈپ قويۇپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە دېھقان ئۆدۆل بازارغا بېرىپ، بىرنەچچە تال يېڭى ھەم چىرايلىق قىزىل تروۇت بېلىقى، بولكا ۋە بىر توشقان سېتىۋاپتۇ. ئۇ بازاردىن يېنىپ ئورمانلىققا بېرىپتۇ.

چۈشتىن كېيىن دېھقان ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، ئايالىغا:

— سېۋەتنى ئالغىن، موگۇ تەرگىلى بارىمىز، — دەپتۇ.

— ۋىيەي، ئەجەب ياخشى بولدى! — دەپ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ ئايالى. ئۇ بەك ئامراق ئىكەن.

ئۇلار ئورمانلىققا بېرىپتۇ. بىر چاغدا، ئالدىدا كېتىۋاتقان دېھقان كەي-نىگە بۇرۇلۇپ توۋلاپتۇ:

— ھەي، چاققان بۇياققا كەل!

— نېمىگە ئالدىرىتىسەن؟ بۇ يەردە موگۇ بەك تولا ئىكەن، تېرىۋالاي.

— چاققان بۇياققا كەل دەۋاتىمەن! قارىغىنا! بۇ يەردە بىر بولكا دەرىخى بار ئىكەن!

ئايال سېۋەتنىنى تاشلاپ يۈگۈرۈپ كەپتۇ. قارىسا، راستتىنلا بىر دەرەخ-نىڭ شاخلىرىدا بىرمۇنچە بولكىلار ساڭگىلاپ تۇرغۇدەك.

ئايال ھەم ھەيران، ھەم خۇشال بوپتۇ. بىردەمدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆزى ئورمانلىقتىن بىر تال چىرايلىق قىزىل تروۇت بېلىقىنى تېپىۋېلىپ تېخىمۇ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ.

دېھقان قاقاھلاپ كۈلۈپ:

— بۈگۈن بىزنىڭ تەلىيىمىز كەلگەن كۈن بولدى! كىم بىلىدۇ، بىز ئالتۇن - كۈمۈشمۇ تېپىۋالامدۇق تېخى! — دەپتۇ.

دېھقاننىڭ ئايالى ئاغزى بېسىقماي سۆزلەشنىلا بىلىدىغان، كاللىسى ئاددىي، تولىمۇ ساددا ئايال ئىكەن.



بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن، ئايال ئېرىنىڭ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاپتۇ:

— بۇياققا قارا! مەن نېمىنى تۇتتۇۋالدىم؟! بۈگۈن راستتىنلا تەلىيىمىز بار ئىكەن! تورغا بىر چوڭ توشقان چۈشۈپتۇ!

ئايال ئېرىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپتۇ. قارىسا، ئېرى بىر كۆلچەكنىڭ ئىچىدە بىر قولىدا بېلىق تورىنى، بىر قولىدا بىر توشقاننى تۇتقان ھالدا كۈلۈپ تۇرغۇدەك. ئايال خوشاللىقىدا چاۋاك چېلىۋېتىپتۇ.

دېھقان ھەميان يوشۇرۇپ قويۇلغان يەرگە يېتىپ بارغاندا، چۆچۈگەن ئاھاڭدا توۋلاپتۇ:

— بۇ يەرگە قارا! بۇ يەردە غەلىتە بىر خالتا تۇرىدۇ... ئىچىدە نېمە باركىنە؟ ئۆزى كىچىك بولغىنى بىلەن ئەجەب ئېغىر ئىكەن!... ۋاي خۇدايىم! ھەممىسى تىللا ئىكەن!

دېھقاننىڭ ئايالى يالتىراپ تۇرغان تىللالارنى سىلىغىنىچە، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي قاپتۇ.

ئەتىسى دېھقان ئىشلىگىلى ئېتىزلىققا مېڭىپتۇ. ئۇ ئىشىكتىن چىقىدىغان چاغدا:

— ئاغزىڭنى چىڭ تۇت جۇمۇ! تۈنۈگۈنكى ئىشلارنى ھەرگىز بىركىمگە تىنما! — دەپ جېكىلەپتۇ ئايالىغا.

شۇ كۈندىن تارتىپ، دېھقان ھەر كۈنى ئۆيدىن ئايرىلىدىغان چاغدا ئايالىغا بۇ سۆزنى بىر قېتىم تاپىلايدىكەن. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي پۈتۈن كەنتتىكىلەر دېھقاننىڭ تەلىيى كېلىپ بىر ھەميان تىللا تېپىۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ كېتىپتۇ.





بۇ ئىشنى باي ئاڭلاپ ، ئۇنىڭ ئىچىگە جىن كىرىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇ دېھقان بىلەن ئۇنىڭ ئايالىنى ئۆيىگە چاقىرىپ سوراق قىپتۇ .

دېھقاننىڭ ئايالى دەرەخنىڭ ئۈستىدىكى بولكا ، چۆپلۈكتىكى قىزىل ترۇت بېلىقى ، يەنە ئېرى كۆلچەككە تور سېلىپ تۇتقان توشقان قاتارلىقلار-نىڭ گېپىنى قىپتۇ .

— سەن بۇنىڭغا نېمە دەيسەن ؟ — دەپتۇ باي دېھقانغا ھۆرپىيىپ .

— ۋاي - ۋۇي ، مەن نېمە دېيەلەيتتىم ؟ ئايالىم مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىشقا ئامراق ، — دەپتۇ دېھقان دولىسىنى قىسىپ قويۇپ .

باي دېھقاننىڭ ئايالىغا ۋارقىراپتۇ :

— دېگەنلىرىڭ راستمۇ ؟

— راست ، راست بولمايچۇ !

دېھقان ئىلاجىسىز قالغاندەك قىياپەتتە ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپتۇ .

باي ئەلپازى قاتتىق بۇزۇلغان ھالدا ئايالغا قاراپ دەپتۇ :

— بۇ گەپچە ، سەن بىر مەخپىي خەزىنىنىمۇ تېپىۋالدىڭ ، شۇنداقمۇ ؟

— تامامەن توغرا ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئايال .

— سەن ھەقىقەتەن بەختسىز ئىكەن ، مەنمۇ ھەم شۇنداق ، چۈنكى مېنىڭ ئايالىممۇ مۇشۇنداق ، — دەپتۇ باي دېھقانغا .

# پارپا بىلەن موزدوز

گېرمانىيە چۆچىكى (ئەسلي ئەسەر: گرىمنىڭ)

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، بىر موزدوز بولغانىكەن. ئۇ ياشىنىپ قالغانلىق- تىن، كۆزلىرى تورلىشىپ، بۇرۇنقىدەك ئىشلىيەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ هال - كۈنى ناچارلاپ كېتىپتۇ.

بىر كەچتە، قېرى موزدوز ئەسۋاب ۋە ماتېرىياللىرىنى ئوبدان تەييارلى- ۋېلىپ، ئەتىسى بىر جۈپ يېڭى ئاياغ تىكمەكچى بوپتۇ.

لېكىن، ئەتىسى ئەتىگەندە موزدوز ئۆزى ئاياغ تىكىش ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان خۇرۇمنىڭ غايىب بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئورنىدا بىر جۈپ چىرايلىق ئاياغنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ هەيرانۇهەس بوپتۇ. «ماڭا بۇ ياخشىلىقنى كىم قىلغاندۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ ئۇ، ئەمما هەرقانچە ئويلاپمۇ بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەپتۇ.

ئاياغ بۇيرۇتقان خېرىدار يېڭى ئاياغنى كۆرۈپ ناهايىتى رازى بولۇپ، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي كېتىپتۇ ۋە ئەسلىدە كېلىشكەن باهادىن بىر هەسسە كۆپ هەق بېرىپتۇ.

شۇ ئاخشىمى موزدوز يەنە بىر جۈپ ئاياغقا يەتكۈدەك خۇرۇمنى دۇكى- نىغا قويۇپ قويۇپتۇ. ئەتىسى كېلىپ قارىسا، شۇنداق ياخشى تىكىلگەن بىر جۈپ يېڭى ئاياغ تۇرغۇدەك.

شۇنىڭدىن كېيىن، موزدوز سىرلىق ياردەمچىسىنىڭ ياردىمى بىلەن جىق پۇل تېپىپتۇ.

موزدوزنىڭ ئايالى بۇ غەلىتە ئىشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئوغرىلىقچە مارىلاپ باقايلى، دەپتۇ.



— شۇنداق قىلايلى ، — دەپتۇ موزدۇز . ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئاسان قىلىۋاتقان سىرلىق ياردەمچىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭمۇ بىر كۆرۈپ باققۇسى بار ئىكەن .

شۇ كېچىسى ئۇلار دېرىزە پەردىسىنىڭ كەينىگە مۆكۈ- ۋاپتۇ . يېرىم كېچە بولغاندا ، ئاپئاق ساقاللىق ئىككى پارپا موزدۇز دۇكىنىغا غىپپىدە كىرىپتۇ . ئۇلار ئۆيگە كىرىپلا ، موزدۇزنىڭ ئورۇندۇقىغا ئولتۇرۇپ ئاياغ تىكىشنى باشلىۋې- تىپتۇ . بىر ئۆمۈر بۇ ھۈنەرنى قىلىپ بۇنچە ئۇستا موزدۇزلار- نى كۆرۈپ باقمىغان قېرى موزدۇز ئاغزىنى ئېچىپلا قاپتۇ .

پارپىلار بىردەمدىلا بىر جۈپ ئاياغنى تىكىپ پۈتتۈرۈپتۇ . موزدۇز ۋە ئۇنىڭ ئايالى ئىككى پارپىنىڭ ئۇستىۋېشى جۇل - جۇل ئىكەنلىكىنى ، سوغۇقتا غال - غال تىترەۋاتقانلىقىنى بايقاپ قاپتۇ .

— ئىككى قۇر كىيىم تىكىپ بېرەي ، ئىسسىق كىيىۋال- سۇن . كىم بىلىدۇ ، ئۇلار ھەر كېچىسى ئىككى جۈپتىن ئاياغ تىكىۋېتەمدۇ تېخى ! — دەپتۇ موماي موزدۇزغا .

ئەتىسى يېرىم كېچىدە ، ئىككى پارپا ئىككى قۇر چىراي- لىق قىزىل چاپاننى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا توۋلىۋېتىپتۇ :

— ئوھۇ ! ئەمدى ئېسىل كىيىمىمىز بار بولدى ، ئىشلەپ جاپا تارتىپ نېمە قىلىمىز ؟ !

ئۇلار گېپىنى تۈگىتىپ چاپانلارنى كىيىپتۇ - دە ، پىرقى- راپ ئۇسسۇل ئوينىۋېتىپ ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە دۇكان- دىن چىقىپ كېتىپتۇ . شۇنىڭدىن كېيىن ، موزدۇز ئەر - خوتۇن بۇ ئىككى پارپىنى قايتا كۆرەلمەپتۇ .



# ئېيىق قۇيرۇقى

## شۋېتسىيە چۆچىكى

بىر كۈنى بىر بېلىقچى ھارۋىسىنى ھەيدەپ ئورمانلىقنى كېسىپ ئۆتۈپتۇ . بىر ئانا تۈلكە ھارۋىدىكى بېلىقلارنىڭ ھىدىنى پۇراپ قاپتۇ ـ دە ، ھارۋىنىڭ كەينىگە چۈشۈپتۇ .

بېلىقچىنىڭ قامچىسى ئۇزۇن ئىكەن ، بېلىقچى ئۇنى ھەر قېتىم شىلتىغاندا «تارس» قىلغان ئاۋاز ياڭراپ كېتىدىكەن . تۈلكە ھارۋىنى خېلى ئەگىشىپ ماڭغان بولسىمۇ ، بېلىقچىنىڭ قامچىسىدىن قورقۇپ ھارۋىغا يېقىنلىشالماپتۇ .

ھارۋا ئالغا قاراپ كېتىۋېرىپتۇ ، تۈلكىمۇ ئۇنىڭ ئارقىدىن قالماپتۇ . بېلىق پۇرىقى بارغانچە كۈچىيىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىپ ، ئاخىرى تۈلكە چىدىيالماي قاپتۇ . ئۇ : «بۇنداق قىينالغۇچە ، بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە ، ھارۋىغا لىككىدە سەكرەپ چىقىپ ، بىر بېلىق سېۋىتىنى قارغا دومىلىتىپتۇ . بېلىقچى بۇنى سەزمەي يولىغا كېتىۋېرىپتۇ .

ئانا تۈلكە گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپتۇ ـ دە ، بېلىق سېۋىتىگە ئۆزىنى ئېتىپتۇ . ئەلۋەتتە قاتتىق خۇشال بولىدۇ ـ دە ! بۇنداق ئامەت دائىم كېلىۋېرىدىغان ئىش نەدە بار ؟





ئانا تۆلكە بېلىق سېۋىتىنى ئېچىپ ، تازا
بىر مەززە قىلماقچى بولۇپ تۇرغاندا ، بىر ئىت-
ئېيىق كېلىپ قاپتۇ . ئۇ ئاغزىدىن سېرىقسۇيە-
نى ئاققۇزغان هالدا سوراپتۇ :

— بۇ بېلىقلارنى نەدىن تاپتىڭ ؟

تۆلكە بىر سەۋەب تېپىپ ئىتئېيىقنى كەت-
كۈزۈۋەتمىسە ، ئەمدىلا قولغا چۈشۈرگەن مەززىلىك تائامنى ئۇنىڭ بىلەن
بىللە يېيىشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى بىلىپتۇ . بۇنداق بولسا قانداق بولىدۇ ؟

— مەن قۇيرۇقۇم بىلەن تۇتقان ، — دەپتۇ ئۇ .

— قۇيرۇقۇم بىلەن ؟ قۇيرۇقىڭ بېلىق تۇتالايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقماپ-
تىمەن ، — دەپتۇ ئېيىق ئىشەنگۈسى كەلمەي .

— بۇ ناهايىتى ئاسان ، — دەپتۇ تۆلكە ، — كۆلگە بېرىپ مۇزنى تېشىپ
بىر كاچكول ئاچىسەنە ، ئاندىن قۇيرۇقۇڭنى كاچكولغا تىقىپ ئولتۇرىسەن .
بېلىقلار كېلىپ قۇيرۇقۇڭغا يېپىشىپ قالىدۇ ، ساڭا قانچىسى كېرەك بول-
سا ، شۇنچىسىنى كاچكولدىن تارتىۋالىسەن .

ئېيىق تۆلكىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا ، كۆل بويىغا قاراپ چېپىپتۇ .

كۆل قېلىن مۇز تۇتۇپ كەتكەنىكەن . ئىتئېيىق بىرھازاغىچە هەپىلە-
شىپ بىر كاچكول ئېچىپتۇ - دە ، قۇيرۇقىنى سۇغا تىقىپ ئولتۇرۇپتۇ .
ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ، ئىتئېيىقنىڭ قۇيرۇقىنىڭ ئەتراپىدىكى
سۇ مۇز تۇتۇشقا باشلاپتۇ . بىر چاغدا ، ئىتئېيىق قۇيرۇقىنىڭ يىڭنە سانجىل-
غاندەك ئاغرىۋاتقانلىقىنى سېزىپتۇ .

— ۋايجان ! قۇيرۇقۇمنى بېلىق چىشلىۋالغان ئوخشىمامدۇ !

ئىتئېيىق ئاغرىققا چىدىماي ۋارقىرىۋېتىپتۇ ۋە قۇيرۇقىنى كاچكولدىن
چىقىرىۋالماقچى بوپتۇ ، لېكىن قۇيرۇقى تېخىمۇ ئاغرىپ كېتىپتۇ . ئۇ قات-
تىق كۈچەتكەن ، نېمىنىڭدۇر تاراسلاپ كەتكىنىنى ئاڭلاپتۇ ، شۇنىڭ بىلەن
تەڭلا ئارقا تەرىپى قاتتىق ئاغرىپ كېتىپتۇ .

ئىتئېيىق ئەنە شۇ چاغدىلا قۇيرۇقىنىڭ ئۈزۈلۈپ مۇزنىڭ ئىچىدە قالغان-
لىقىنى بىلىپتۇ .

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئىتئېيىقنىڭ قۇيرۇقى شۇ چاغدىن باشلاپ كالتە
بولۇپ قالغانىكەن !

# پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى

دانىيە چۆچەكى (ئەسلى ئەسەر: ئاندېرسوننىڭ)

بۇرۇنقى زاماندا، بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئېسىل كىيىملەرنى كىيىشكە بەك ھەۋەس قىلىدىكەن. تاپقان پۇلىنىڭ ھەممىسىنى كىيىم - كېچەككە خەجلەپ، دۆلەتنىڭ ئىشلىرىغا قىلچە كۆڭۈل بۆلمەيدىكەن. يېڭى كىيىمىنى كۆز - كۆز قىلىمەن دېمىسە، پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ كوچا ئايلىنىشنىمۇ ياقتۇرمايدىكەن. ھەر سائەتتە بىر قېتىم كىيىم يۆتكەيدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ شەھەرگە ئىككى كاززاپ كېلىپ:

— بىز ئىككىمىز ئۇستا بايكار، كىشىلەر ئويلاپ باقمىغان چىرايلىق رەختلەرنى توقۇيالايمىز. بىز توقۇغان رەختلەرنىڭ رەڭ - نۇسخىلىرى كۆركەم بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭدىن تىكىلگەن كىيىممۇ ئاجايىپ خاسىيەتكە ئىگە. بۇنداق كىيىمنى خىزمەتتە لاياقەتسىزلەر ياكى دۆت ئادەملەر كۆرەلمەيدۇ، — دەپ ئۆزلىرىنى داڭلىشىپتۇ.

ئىككى كاززاپنىڭ قىلغان گەپلىرى پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يەتكەنىكەن، ئۇ قاتتىق قىزىقىپ قاپتۇ. «مانا بۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىدەك كىيىم ئىكەن، — دەپ ئويلاپتۇ پادىشاھ، — ئۇنى كىيسەم، كىملەرنىڭ خىزمەتتە لاياقەتسىز، كىملەرنىڭ ئەقىللىق، كىملەرنىڭ دۆتلۈكىنى ئاسانلا بىلىۋالىمەن. ئۇلارغا بۇ رەختنى تېزرەك توقۇتاي!»

پادىشاھ مۇلازىملىرىغا ئۇلار ئىككىيلەننى ئوردىغا باشلاپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرگەن ئىككى كاززاپ ئۆز ھۈنىرىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي يەنە بىر قېتىم كۆپتۇرۈپ ماختاپ، پادىشاھنىڭ قىزىقىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىپتۇ.





— سىلەرگە نېمە كېرەك ؟ —
دەپ سوراپتۇ پادىشاھ ئىككى كاززاپ-
تىن .
— بىر دەستىگاھ ، بىر كىيىم-
لىك رەختكە يەتكۈدەك يىپەك يىپ ۋە
زەر يىپ بولسا كۇپايە ، — دەپتۇ ئىك-
كىسى .
پادىشاھ ئۇلارغا بىر ھەميان تىللا
بېرىپ :
— بۇ سىلەرگە بەرگەن زاكالىتىم
بولسۇن ! سىلەر دېگەن نەرسىلەر بۇ-
گۈنلا تەييار بولىدۇ . ئىشنى دەرھال
باشلاڭلار ! — دەپتۇ .
كاززاپلار ئاۋۋال پادىشاھنىڭ بە-
دىنىنى ئۆلچەۋاپتۇ ، ئاندىن كېيىن ئۆز
ئىشىنى باشلاپتۇ : ئۇلار بىر دەستى-
گاھنى قۇرۇۋېلىپ رەخت توقۇغان قى-
ياپەتكە كىرىۋاپتۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ
دەستىگاھىدا ھېچ نەرسە يوق ئىكەن . شۇنىڭغا باقماي ، ھە دېسىلا پادى-
شاھتىن يىپنىڭ ئېسىلىنى كەلتۈرۈپ بېرىشنى ، ئالتۇننى ئايىماي بېرىشنى
تەلەپ قىپتۇ . پادىشاھ بەرگەن پۇل - مالنى چۆنتەكلىگە سېلىپ ، قۇرۇق
دەستىگاھ ئالدىدا كېچە - كۈندۈز ئالدىراش ئىشلەۋاتقاندەك ئولتۇرۇۋېرىپ-
تۇ .
«ئۇلارنىڭ رەختنى قانداق توقۇغانلىقىنى بىر كۆرسەم بولاتتى» دەپ
ئويلاپتۇ پادىشاھ . لېكىن ، ئۇ ھېلىقى كاززاپلارنىڭ ئۇ رەختنى دۆتلەر
كۆرەلمەيدۇ ، دېگەن گېپىنى ئېسىگە ئېلىپ ئىككىلىنىپ قاپتۇ . شۇنىڭ
بىلەن ئۇ رەختنى كۆرۈپ بېقىشقا ئاۋۋال باشقا بىرىنى ئەۋەتىپ باقماقچى
بوپتۇ .
«رەخت توقۇغان يەرگە ساداقەتمەن باش ۋەزىرىمنى ئەۋەتەي ، — دەپ
ئويلاپتۇ پادىشاھ ، — ئۇ كاللىسى سەگەك ، ئىشتىمۇ ھەممىدىن لاياقەتلىك
ئادەم ، رەختنىڭ قانداقلىقىنى ئاشۇ ۋەزىرىملا بىلەلەيدۇ .»
باش ۋەزىر ئىككى كاززاپنىڭ ئىشخانىسىغا بارسا ، ئۇلار قۇرۇق دەستى-
گاھنىڭ ئالدىدا بىرى بىرىدىن ئالدىراش ئىشلەۋاتقۇدەك .
«بۇ نېمە ئىش ؟ — دەپ ئويلاپتۇ باش ۋەزىر ، — ھېچ نەرسىنى كۆرەل-
مەيۋاتىمەنغۇ ؟» لېكىن ، ئۇ بۇ گەپنى ئاغزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالماپتۇ .

ئىككى كاززاپ ئۇنىڭغا:

— يېقىنراق كېلىپ كۆرۈپ باقسىلا، بۇ رەختنىڭ رەڭگى، يوللىرى نېمىدېگەن چىرايلىق! سىلاپ باقسىلا، نېمىدېگەن يۇمشاق — ھە! — دەپ ماختاپ كېتىپتۇ.

بىچارە ۋەزىر كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ قاراپ كېتىپتۇ، ئەمما ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەي، جىددىيلەشكىنىدىن سوغۇق تەرلەپ كېتىپتۇ.



«خۇدايا توۋا! — دەپ ئويلاپتۇ ئۇ، — ئەجەبا مەن شۇنچە دۆتمۇ؟ ئۆزۈمنىڭ ئەقلىگە بەك ئىشىنىپ كەلگەنىدىم، ئەمدى خەق مېنىڭ رەختنى كۆرەلمىگەنلىكىمنى بىلىپ قالسا، مېنى دۆت ھەم لاياقەتسىز بىرنېمىكەن دەپ قالامدۇ؟ ياق، ھەرگىز چاندۇرماسلىقىم كېرەك!»

— پاھ ـ پاھ، بەك ئېسىل بوپتۇ، — دەپتۇ باش ۋەزىر كۆزەينىكىنى تاقىغان ھالدا سەپسېلىپ قاراپ، — بۇ رەختنىڭ يوللىرى شۇنچە كۆركەم، رەڭگى شۇنچە چىرايلىق ئىكەن. مەن بېرىپ رەختنىڭ بەكمۇ ئېسىل توقۇلغانلىقىنى پادىشاھىمىزغا مەلۇم قىلاي.

ئىككى ئالدامچى رەخت توقۇشقا ئىشلىتىمىز دەپ پادىشاھتىن يەنە نۇرغۇن پۇل، يىپەك ۋە ئالتۇن ئاپتۇ.

پادىشاھنىڭ خاسىيەتلىك رەختنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈسى كېلىپ تاقىتى تاق بوپتۇ. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىككى كاززاپ رەختنىڭ توقۇلۇپ بولغانلىقىنى، ئۇنىڭدا تىكىلگەن يېڭى كىيىمنىڭمۇ پۈتۈپ بولغانلىقىنى خەۋەر قىپتۇ.

پادىشاھ قول ئاستىدىكى ئەڭ يېقىن كىشىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئىككى كاززاپ ئىشلەۋاتقان ئۆيگە كەپتۇ. كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە بۇرۇن رەختنى كۆرگەن باش ۋەزىرمۇ بار ئىكەن.

www.uyghurkitap.com



— مانا كىيىم ! — دەپتۇ ئىك-
كى كاززاپ بىر نەرسىنى ئىككى
قوللاپ كۆتۈرگەندەك قىياپەتتە ، —
كۆرۈپ باقسىلا ، ئالىيلىرى ، كۆ-
ڭۈللىرىگە ياقامدىكىن .

— قارىسىلا ، ئالىيلىرى ، —
دەپتۇ باش ۋەزىرمۇ ، — بۇ رەخت-
نىڭ گۈللىرى نېمىدېگەن كۆر-
كەم ! كىيىممۇ شۇنداق چىرايلىق
تىكىلىپتۇ .

لېكىن ، پادىشاھ ھېچنېمىنى
كۆرەلمەپتۇ . «بۇ نېمە ئىش ؟ —
دەپ ئويلاپتۇ ئۇ ، — ھېچنېمىنى
كۆرەلمىدىمغۇ ؟ قىزىق ، مەن شۇن-
چە دۆت ئادەممۇ ؟ پادىشاھ بولۇشقا
يارىمامدىمەن يا ؟ »

پادىشاھ ئويلىغانسېرى جىد-
دىيلىشىپ ھوشىدىن كەتكىلى تاسلا
قاپتۇ ، لېكىن ھەرھالدا ئۆزىنى تۇتۇۋاپتۇ .

— پاھ - پاھ ! قالتىس چىرايلىق ئىكەن ! — دەپتۇ ئۇ بېشىنى لىڭشى-
تىپ ، — ماڭا بەك يارىدى .

— پادىشاھ ئالىيلىرى ، قېنى ، كىيىملىرىنى سالسىلا ، — دەپتۇ ئىككى
كاززاپ ، — مانا بۇ ئەينەكنىڭ ئالدىغا كەلسىلە ، يېڭى كىيىملىرىنى ئۆز
قولىمىز بىلەن كىيدۈرۈپ قويايلى .

پادىشاھ كىيىملىرىنى پۈتۈنلەي سېلىپ تاشلاپتۇ . ئىككى كاززاپ يېڭى-
لا تەييار بولغان كىيىملەرنى پادىشاھقا بىر - بىرلەپ سۇنۇپ بەرگەندەك
ھەرىكەتلەرنى قىپتۇ .

پادىشاھنىڭ قالغان ھەمراھلىرىنىڭمۇ باش ۋەزىرگە ئوخشاشلا ھېچنې-
مىنى كۆرمىگەنلىكىنى چاندۇرۇپ قويۇپ دۆتلەر قاتارىغا كىرىپ قالغۇسى
يوق ئىكەن ، شۇڭا ئۇلارمۇ :

— پاھ ، پاھ ، بۇ كىيىم سىلىگە ئاجايىپ ياراشتى ! رەڭگىمۇ ، پاسونىمۇ
بەك چىرايلىق بوپتۇ . ھەقىقەتەن بىباھا كىيىم ئىكەن ، — دېيىشىپتۇ بىردەك
ئاۋازدا .

— ھەقىقەتەن ناھايىتى چىرايلىق كىيىم بوپتۇ ! — دەپتۇ پادىشاھمۇ
ئەينەك ئالدىدا ئۇيان - بۇيان مېڭىپ ، — شۇنداق ئەمەسمۇ ؟... ھەقىقەتەن
قالتىس ھۈنرىڭلار بار ئىكەن !



www.uyghurkitap.com

بۇ چاغدا، باش ۋەزىر:

— ئالىيلىرى، پۈتۈن دۆلەتتىكى پۇقرالار سىلىنىڭ يېڭى كىيىم كىيگەن چاغدىكى قىياپەتلىرىنى بىر كۆرۈشكە ئىنتىزار بولماقتا. ئۇلارنى نائۈمىد قويمىغايلا، — دەپ ئىلتىماس قىپتۇ.

پادىشاھ دەسلەپتە پۇقرالارغا يالىڭاچ ھالدا كۆرۈنۈشتىن ئەنسىرەپتۇ، بىراق بۇ ئەندىشىسى ناھايىتى تېزلا غايىب بوپتۇ. چۈنكى، پەقەت ئۇچىغا چىققان دۆتلەرلا بۇ خاسىيەتلىك كىيىمنى كۆرەلمەيدۇ ئەمەسمۇ؟

— بولىدۇ! يۈرۈڭلار، بۈگۈن مەن پۇقرالىرىمغا پەۋقۇلئاددە ئىلتىپات كۆرسىتەي، — دەپتۇ پادىشاھ.

شەھەر خەلقى ئۆيلىرىنىڭ ئىشىك ئالدىغا چىقىشىپتۇ. ھەممىيلەن ئۆز قوشنىسىنىڭ قانچىلىك دۆت ياكى ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بېقىشنى ئويلايدىكەن.

— پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمنى كۆرۈۋېلىڭلار! پاھ، نېمىدېگەن چىرايلىق!

— پادىشاھنىڭ بەستىگىمۇ قالتىس يارىشىپتۇ!



ھەممە كىشى خۇددى پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمىنى كۆرۈۋاتقاندەك قىيا-
پەتكە كىرىۋاپتۇ. بىر چاغدا، تۇيۇقسىز كىشىلەر توپىدىن بىر كىچىك بالا
چىقىپتۇ. چىرايىدىن ئۇنىڭ يالغان گەپ قىلىشنى بىلمەيدىغانلىقى بىلىنىپ
تۇرىدىكەن.

ئۇ پادىشاھنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ كىشىلەرگە توۋلاپتۇ:

— قاراڭلار، پادىشاھ ئۈچىسىغا ھېچنېمە كىيمەپتۇ.!

كىشىلەر بالىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، غۇلغۇلا قىلىشقا باشلاپتۇ:

— شۇ ئەمەسمۇ، ئۇ راستىنلا قىپيالىڭاچ كېتىۋاتىدۇ.

ئاخىرىدا كىشىلەر ھە دەپ توۋلاشقا باشلاپتۇ:

— توغرا! پادىشاھ كىيىم كىيمەپتۇ!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاھ خىجىل بولغىنىدىن ئۆزىنى قويغۇدەك جاي
تاپالماي قاپتۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ ھاماقەتلىك قىلغانلىقىنى زادىلا ئېتىراپ
قىلغۇسى كەلمەپتۇ. ئۇ گويا كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ ئۇستىدىكى كىيىمىنىڭ
دۇنيادا تەڭداشسىز كىيىم ئىكەنلىكىگە ئىشەندۇرمەكچى بولغاندەك پەيتۇندا
تىك تۇرۇپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ...

# ئالتۇن بىلەن كۆل

روسىيە چۆچىكى

نۇرغۇن يىللار بۇرۇن، روسىيىدىكى بىر كەنتتە ئىگور ئىسىملىك بىر يىگىت ئۆتكەنىكەن. ئۇ شۇنچە قاۋۇل، ساغلام ئىكەنتۇ، ئىشقا دىسە بىشى ئاغرىيدىكەن، بىشىلا ئەمەس، بەدىنىنىڭ ھەممىلا يېرىگە ئاغرىق كىرىپ كىتىدىكەن. يىيىشكە كەلگەندە مەن ـ مەن دەيدىغان كىشىلەرنىڭ نەچچىسىنىڭ يەيدىغان تاماقىنى يەۋىتىپ، يەنە بارمۇ، دەيدىكەن ئىگورنىڭ يا ئاتا ـ ئانىسى، يا تۇرار ئۆيى يوق ئىكەن. ئۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە لاغايلاپ يۈرۈشتىن باشقا ئىش قىلمايدىكەن، دائىم دىگۈدەك ئاچ ـ توق يۈرىدىكەن.

ئىگورنىڭ بولۇمسىزلىقى ۋە ھۇرۇنلۇقىغا قاراپ ئىچى پۇشقان كەنتداشلىرى ئۇنىڭغا ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن ئىش تونۇشتۇرۇپ بىقىپتۇ. لىكىن، يا چاقچاقلا يۆلەپ ئۆتكۈزۈۋىتىپتۇ، يا قوپاللىق بىلەن رەت قىپتۇ. ئىشلىمىگەن ئادەمگە پۇل نەدە دەيسىلەر! ئىگور كۈنلىرىنى شۇنداق ئۆتكۈزىدىغان بولغاچقا، بىر تىيىن پۇلنى ئىشلەپ تىپىپ باقماپتۇ.

ئىگور كۈن بويى ھىچقانداق ئىش قىلماسلىق جاھانىدىكى ئەڭ كاتتا راھەت دەپ بىلىدىكەن، شۇڭا ھەر كۈنى ئويناپ ـ كۈلۈپلا يۈرىدىكەن.

ھاۋا ئوچۇق، ئىللىق كۈنلەردە، ئىگور كۈندۈزنى دالا ۋە ئورمانلىقتا ئويناپ ئۆتكۈزسە، كىچىسى ئورمانلىقتا ئۇخلاپ، ئەتىسى چۈش بولۇپ قۇياش نۇرى تىكلىشىپ بىشىغا چۈشكەندىلا ئاندىن دەرەخنىڭ سايىسىگە سۈرۈلىدىكەن. قورسىقى ئاچقاندا، يىقىن ئەتراپتىكى ئېتىز ۋە خامانلاردىن ئانچە ـ مۇنچە بىرنىمىلەرنى تىپىپ قورسىقىنى ئەستەرلەيدىكەن. شۇڭا، ئۇ ئىش ئورنى يوقلۇقى تۈپەيلى ئاچ قىلىشتىن غەم قىلىپ كەتمەيدىكەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى



لېكىن، ئۇزۇن ھەم قەھرىتان قىش پەسلى يېتىپ كەلگەندە، ئىگورنىڭ ھالى خارابلىشىپ كېتىدىكەن. ئۇ ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلىشقا، شۇنداقلا تۇرغۇدەك جاي ئىزدەشكە مەجبۇر بولىدىكەن. ئەمما، ياش ھەم ساق تۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلىدىغان، قونالغۇ ئىزدەيدىغانلارغا بېرىدىغان تاماق، ياتىدىغان ياتاق نەدە دەيسىلەر؟ كەنتداشلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئانچە - مۇنچە ئىچ ئاغرىتىپ بېقىپتۇيۇ، ئاخىرىغا بېرىپ: «ئىشلە دېسەك ئۇنىمىدىڭ، ئەمدى يازىچە ئوينىغىنىڭغا توي!» دەپ ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بەرمەيدىغان بوپتۇ.

بىر يىلى قىشتا ھاۋا بەكلا سوغۇق بولۇپ كېتىپتۇ. كۈن بويى توختىماي ۋىژىلداۋاتقان شىۋىرغاننىڭ ئاچچىقى سوغۇقى سۆڭەك - سۆڭەكلەردىن ئۆتۈپ كېتىدىكەن. ئۇستىۋېشى يېلىڭ، تۇرار ئۆيى يوق ئىگور تازا قىينىلىپتۇ، ئۇيان ئىزدەپ، بۇيان ئىزدەپ يۈرۈپ تولىمۇ تەستە بىر سامانلىقنى تېپىپتۇ.

كۈن بويى ياتقۇدەك جاي ئىزدەپ قاتراپ ھالىدىن كەتكەن ئىگور ساماننىڭ ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپتۇ - دە، تېزلا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

شۇ كېچىسى ئۇ ناھايىتى شېرىن چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە، پۈتۈنلەي ئالتۇن رەڭلىك بېلىقلارلا ياشايدىغان بىر كۆلنى كۆرۈپتۇ. ئۇ كۆلنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ كۆلگە قارماق تاشلاپتۇدەك. ئۇ قارماققا ئىلىنغان بېلىقنى كۆل يۈزىگە تارتىپ چىقارغان چاغدا، بېلىق بىردىنلا ئالتۇندىن قۇيۇلغان بېلىققا ئايلىنىپ قاپتۇدەك!

ئەتىسى ئەتىگەندە ئىگور ئويغىنىپ ، ئۇنىڭ بىر چۈش ئىكەنلىكى-
نى بىلىپتۇ . ئۇ شۇ كۈنى كەچكىچە سامانلىقتا كېچە كۆرگەن چۈشىنى
ئويلاپ يېتىپتۇ .
شۇنىڭدىن كېيىن ئىگور ئۇدا نەچچە كېچە پەقەت ئاشۇ چۈشىنىلا
كۆرۈپتۇ : ئۇ كۆل بويىغا ئولتۇرۇپ كۆلگە قارماق تاشلىغۇدەك . قارماق-
قا ئىلىنغان ھەربىر بېلىق سۇدىن ئايرىلغان ھامان ئالتۇندىن ياسالغان
بېلىققا ئايلىنىپ قالغۇدەك !
بۇ چۈشنى كۆرۈۋەرگەچكە ، ئىگور ئالتۇن بېلىق كۆلى چوقۇم بار ،
بۇ كۆلنى ئىزدەپ تاپسام چاقچاقانلا بېيىپ كېتىمەن ، دەپ ئويلاپتۇ .
ئۇ باھارنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپتۇ . باھار
كېلىپ ھاۋا ئىلىلىغان ھامان ئالتۇن بېلىق كۆلىنى نەدىن بولسىمۇ تېپىش-
قا بەل باغلاپتۇ .
باھار كەپتۇ . ئىگور بىر تال ئۇزۇن دەرەخ شېخىنى ، ئىنچىكە
شوينا ۋە بىر تال ئىلغاقنى تېپىپ قارماق ياساپتۇ ، ئاندىن كەنتتىن





چىقىپ ئالتۇن بېلىق كۆلىنى تاپقىلى مېڭىپتۇ. بىرنەچچە سائەت ماڭغاندىن كېيىن، بىر كۆلنىڭ بويىغا كېلىپ قاپتۇ. قارىسا، بۇ كۆل چۈشىدە كۆرگەن كۆلگە ئوخشاپ تۇرغۇدەك. ئىگور: «بۇ چوقۇم ئاشۇ كۆل شۇ!» دەپ ئويلاپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ، ئىگور كەنتتە لاغايلاپ يۈرمەيدىغان بوپتۇ. ئۇ سەھەردىلا كەنتتىن چىقىپ بىرنەچچە سائەت يول يۈرۈپ ھېلىقى كۆلنىڭ بويىغا بېرىپ قارماق تاشلايدىكەن. ئەتىگەندىن كەچكىچە سۇ يۈزىگە، قارماققا قاراپ ئولتۇرىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، ئىگور ناھايىتى تېزلا بېلىق تۇتۇش ماھىرى بولۇپ قاپتۇ.

نۇرغۇن ۋاقىتلار ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئىگور نۇرغۇن بېلىق تۇتۇپتۇ، ئەمما چۈشىدە كۆرگەن ھېلىقى بېلىقنى زادىلا تۇتالماپتۇ. ئىلگىرى بىغەم يۈرىدىغان ئىگور ئەمدى پەرىشانلىق ئىچىدە ياشايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئىگور ئۆزى بېلىق تۇتۇۋاتقان كۆلنىڭ ئالتۇن بېلىق كۆلى ئىكەنلىكىنى گۇمانلىنىپ قاپتۇ. ئۇ باشقا كۆلگە يۆتكىلىپ تەلىيىنى سىناپ باقماقچى بوپتۇ.

بىر كۈنى سەھەردە، ئۇ كەنتكە ئەڭ يېقىن بىر جايدىكى كۆلگە بېرىپتۇ. شۇ كۈنى ئۇنىڭ قارمىقىغا خىلمۇخىل بېلىقلار ئىلىنىپتۇ، ئەمما ئالتۇن بېلىق يەنىلا كۆرۈنمەپتۇ. لېكىن، ئىگور سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. كۈن ئولتۇراي دەپ قالغاندا، بىر بېلىق قارماقنى چىشلەپتۇ. بېلىق سۇ يۈزىگە پىلتىڭلاپ چىقىپتۇ، شۇ ئەسنادا قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى بېلىقنىڭ ئۈستىگە چۈشكەنىكەن، ئۇ ئالتۇندەك چاقناپ كېتىپتۇ.

ئىگور خۇشاللىقىدا ئىختىيارسىز سەكرەپ ئۇسسۇل ئوينىۋېتىپتۇ. لېكىن، ئۇ بىردىنلا تەكىپۇكلۇقىنى يوقىتىپ كۆلگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. بېلىقمۇ قارماقتىن قۇتۇلۇپ قېچىپ كېتىپتۇ.

بېلىق قارماققا ئىلىنغان بىر دەقىقە ۋاقىت ئىچىدىكى چەكسىز خۇشاللىق ئىگوردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇپتۇ. ئۇ بۇ خۇشاللىقنىڭ ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەجرىدىن كەلگەنلىكىنى ھېس قىپتۇ.

ئىگور ئەمدى ھەر كۈنى بۇ كۆلگە كېلىپ بېلىق تۇتىدىغان بوپتۇ. ئۇنىڭ ئالتۇن بېلىق كۆلىنى تاپقانلىق خەۋىرى بىردەمدىلا پۈتۈن كەنتكە تارقىلىپتۇ. يۇرتداشلار ئاشلىق ۋە كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ئۇ تۇتقان بېلىقلارغا ئايرىۋاشلاشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىگورنىڭ قولىمۇ پۇل كۆرىدىغان بوپتۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ پۇل ئۆزىنىڭ ئەجرى بىلەن تېپىلغاچقا، ئۇنىڭغا تولىمۇ قىممەتلىك بىلىنىدىغان بوپتۇ.

ئىگور ھامان بىر كۈنى ئالتۇندىن ياسالغان بېلىقنى تۇتالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن. ئۇنىڭ يۇرتداشلىرى بىلەن بولغان سودىسى ئۈزۈلمەي داۋاملىشىۋېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، كەنتتىكىلەر دائىم يېڭى بېلىق يېيەلەيدىغان، ئىگورمۇ ئېلىگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتا باقىقاندا قورسىقى توق ھەم روھلۇق ياشايدىغان بوپتۇ.

ئىگورنىڭ پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر چار پادىشاھنىڭ قۇلىقىغىمۇ يېتىپتۇ. چار پادىشاھ گويا ئىگورنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆزىنىڭ كۆلەڭگۈسىنى كۆرگەندەك بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىگورنى ئوردىغا كېلىپ ئۆزىگە ھەمراھ بولۇشقا چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن بىر خەۋەرچىنى ئەۋەتىپتۇ.

— ئىگور، سەن ھەقىقەتەن تەلەيلىك ئىكەنسەن! — دەپتۇ خەۋەرچى پۈتۈن دىققىتى بىلەن سۇ يۈزىگە قاراپ ئولتۇرغان ئىگورغا.

ئىگور بۇرۇلۇپ قاراش ئۇياقتا تۇرسۇن، قىمىرلاپمۇ قويماپتۇ. خەۋەرچى ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپتۇ:

— سېنىڭ راستىنلا ئامىتىڭ كەلدى! پۈتكۈل روسىيىنىڭ ھۆكۈمرانى ئۇلۇغ چار پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ سېنىڭ بىلەن بەك كۆرۈشكۈسى بار. سەن ھېچقانچە جاپا تارتمايلا كاتتا ئىنئاملارغا ئېرىشەلەيدىغان بولدۇڭ.

ئىگور ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولۇپ، ئاستا بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قاراپتۇ.

— بۇرادەر، — دەپتۇ ئۇ بېشىنى چايقىغىنىچە، — ئەگەر بۇرۇنقى چاغلار بولغان بولسا، ئېھتىمال مەن بۇ شاپائەتنى قوبۇل قىلىشىم مۇمكىن ئىدى. ئەمما، ھازىر مەن ئۇنداق قىلالمايمەن. بۇ كۆلدە ئالتۇندىن ياسالغان سان - ساناقسىز بېلىقلار مېنىڭ قارماق تاشلىشىمنى كۈتۈپ تۇرماقتا! ئۇنىڭ ئۇستىگە، پادىشاھقا ھەمراھ بولۇشنى بېلىق تۇتقان چاغدىكى راھەتكە قانداقمۇ سېلىشتۇرغىلى بولسۇن!

خەۋەرچى بۇ گەپنى زادىلا چۈشىنەلمەپتۇ . ئۇ ھەرقانچە ۋەز ئېيتىپمۇ ، ئىگورنى چار پادىشاھ بىلەن كۆرۈشكىلى بېرىشقا ئۇنىتالماپتۇ . ئاخىرى ئۇ ئىلاجسىز قالغان قىياپەتتە بېشىنى چايقاپ كېتىپ قاپتۇ .

شۇنىڭدىن كېيىن ئىگور ئۆزىنىڭ شېرىن چۈشىنىڭ كويىدىلا بولۇپتۇ . چۈشىدىكى ھېلىقى ئالتۇن بېلىق گۈزەل ئىستەكلەرنى ئېلىپ كېلىپ ، ئۇنىڭغا پەقەت ئۆزى ئەمگەك قىلىپ جاپالىق تەر تۆككەندىلا ، ئاندىن ھەقىقىي خۇشاللىققا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇتۇپتۇ .

ھېلىقى كۆلنىڭ ئەسلىدە ئىسمى يوق ئىكەن ، شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر «ئالتۇن بېلىق كۆلى» دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ .

ئالتۇن بېلىق كۆلى ھەققىدىكى ھېكايە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا تارقىلىپ ، كىشىلەر ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان ھېكايە بولۇپ قاپتۇ .





www.uyghurkitap.com

# سېھىرگەرنىڭ سوۋغىتى

روسىيە چۆچىكى

بىر زامانلاردا، شىمالدا بىر پادىشاھلىق ئۆتكەنىكەن. ئۇ يەردىكى كىشىلەر قاتمۇقات تاغلار بىلەن ئورالغان ئاجايىپ گۈزەل بىر جىلغىدا ياشايدىكەن. جىلغا ئوتتۇرىسىدىن بىر دەريا ئېقىپ ئۆتىدىكەن. جىلغىنىڭ تۇپرىقى ئىنتايىن مۇنبەت ئىكەن. شۇڭا، بۇ مەملىكەت قۇدرەتلىك، خەلقى باي ئىكەن.

دۈشمەنلىرى بۇ دۆلەتكە دائىم كۆزىنى قىزارتىپ، ئۇنى بېسىۋېلىش ياكى تالان - تالاج قىلىش كويىدىلا يۈرىدىكەن. لېكىن، جىلغىغا كىرىشتىكى بىردىنبىر يول تاغنىڭ بىر تارچۇقى بولۇپ، ئەسكەرلەر ئۇ يەرنى سەگەكلىك بىلەن يىل بويى ساقلىغاچقا، دۈشمەنلەرنىڭ قەدەم بېسىشى تولىمۇ مۈشكۈل ئىكەن.

بىر كۈنى ئۇۋلىف ئىسىملىك بىر يىگىت پادىشاھ بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتۇ.

— ئالىيلىرى، خىزمەتلىرىدە بولۇشقا كەلدىم، — دەپتۇ ئۇۋلىف مەردانە قىياپەتتە، — ئەگەر مېنى ئارمىيىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلىسىلە، بۇ دۆلەتنىڭ ئامانلىقىنى بىر ئۆمۈر قوغدىغان بولاتتىم!

لېكىن، تەكەببۇر پادىشاھ بۇ باتۇر يىگىتنى قىلچە كۆزگە ئىلماپتۇ. ئۇ ئۇۋلىفنى قەستەن ئوسال قىلماقچى بولۇپ:

— ئەگەر سەن دۆلىتىمدىكى پالۋانلارنىڭ ھەممىسىنى يېڭەلىسەڭ، ئاندىن قوماندان بولالايسەن، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇۋلىف بىلەن بۇ ئەلدىكى پالۋانلار ئوتتۇرىسىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن كۈچ ۋە ماھارەت سىنىشىش باشلىنىپ كېتىپتۇ. ئۇۋلىفقا تەڭ كەلگۈدەك ھېچكىم چىقماپتۇ، پالۋانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ قولىدا بىر - بىرلەپ مەغلۇپ بوپتۇ. پادىشاھ ئۇنى ئارمىيىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلەشكە مەجبۇر بوپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي ، قوشنا دۆلەتنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ ، بۇ پادىشاھلىققا ھۇجۇم قىپتۇ . تاجاۋۇز قىلغان دۈشمەنلەر ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىگە قارىغاندا كۆپ ، قوراللىرىمۇ خىل ئىكەن .

ئۇۋلىف ھودۇقماپتۇ . دۈشمەن ھۇجۇم قىلىشتىن بۇرۇن ، ئۇ قوشۇننى تاغ تارچۇقىنىڭ ئۈستىدىكى قارلىق چوققىغا پىستىرما قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ . دۈشمەنلەر ھەرىدەك يوپۇرۇلۇپ كەلگەندە ، ئۇنىڭ قوشۇنى بىراقلا ئېتىلىپ چىقىپ ، كەلگەن دۈشمەننىڭ ھەممىسىنى يوقىتىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ باتۇرلۇقى پۈتۈن ئەلگە پۇر كېتىپتۇ .

پادىشاھ ئۇۋلىفتەك بىر باتۇرنى قولدىن چىقىرىپ قويسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپ ، قىزىنى ئۇنىڭغا بەرمەكچى بوپتۇ .

ئۇۋلىف بىرنەچچە كۈنگىچە ئارىسالدا بولۇپ يۈرۈپتۇ . چۈنكى ، مەلىكە تولىمۇ سەت ئىكەن . پادىشاھنىڭ ئوغلى يوق ئىكەن . ئۇۋلىف ئۆزىنىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە تەخت ۋارىسى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ ، مەلىكىگە ئۆيلىنىشكە ماقۇل بوپتۇ .

لېكىن ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئانچە كۆڭۈللۈك بولماپتۇ . ئۇۋلىف كۆپىنچە ۋاقىتنى ئەسكەرلەرنى مەشىق قىلدۇرۇشقا سەرپ قىلىپ ، مەلىكىگە ھەمراھ بولغۇدەك ۋاقىت چىقىرالمايدىكەن . مەلىكە بۇنىڭغا خاپا بوپتۇ .





www.uyghurkitap.com

تۇي قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، مەلىكە بىر ۋەزىر بىلەن تېپىشىۋاپتۇ. بۇ ۋەزىر ۋىجىك، ئورۇق، توخۇ يۈرەك، خۇشامەتتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ ئوردىدا قىلغۇدەك ئالاھىدە بىر ئىشىمۇ يوق ئىكەن، مەلىكىگە ھەمراھ بولۇپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىشقا ۋاقتى يېتەرلىك ئىكەن.

شۇنداق قىلىپ، مەلىكىنىڭ كۈنلىرى كۆڭۈللۈك ئۆتىدىغان بوپتۇ. ئەتىگەندە ئوۋلىق ئۆز ئىشىغا كەتكەن ھامان، ھېلىقى ۋەزىر مەلىكىنىڭ قېشىغا يېتىپ كېلىدىكەن. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، مەلىكە ئوۋلىقتىن قۇتۇلۇپ ۋەزىرگە تېگىش كويىغا كىرىپ قاپتۇ.

بىر كېچىسى ئوۋلىق «يىپەك···، كۆڭلەك···، سېھىرگەر» دېگەندەك بىرنېمىلەرنى دەپ جۆيلۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەلىكە ئۇنىڭ تەڭداشسىز باتۇرلۇقىنىڭ سىرىنى بىلىۋاپتۇ.

ئەسلىدە ئوۋلىقنىڭ كىچىك ۋاقتىدا تاغدىكى بىر سېھىرگەر بىر سېھىرلىك يىپەك كۆڭلەك بەرگەنىكەن. بۇ كۆڭلەكنى كىم كىيسە، شۇ كىشى تەڭداشسىز باتۇر بولۇپ كېتىدىكەن. ئوۋلىق جۆيلىگەندە يەنە بىر نەرسىنىڭمۇ نامىنى ئېغىزغا ئاپتۇ، ئەمما مەلىكە بۇنى پەقەت ئېنىق ئاڭلىيالماي قاپتۇ.

مەلىكە: «مانا ئەمدى مەقسىتىمگە يېتىدىغان بولدۇم. ئەگەر مەن ياخشى كۆرىدىغان ئاشۇ ۋەزىرگە بۇ سېھىرلىك كۆڭلەكنى كىيدۈرىدىغان بولسام، ئۇ بىر قەھرىمانغا ئايلىنىدۇ، ئۇ چاغدا مەنمۇ ئوۋلىقتىن ئاجرىشىپ ئۇنىڭغا تېگەلەيمەن» دەپ ئويلاپتۇ.



بىر كېچىسى مەلىكە سېھىرلىك كۆڭلەكنى ئوغرىلىۋاپتۇ ۋە كېچىلەپ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ : «ئوۋلىف تەختنى تارتىۋېلىش قەستىدە بولۇۋاتىدۇ» دەپ چېقىپتۇ .

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ . ئۇ ياساۋۇللارنى ئەۋەتىپ ئوۋلىفنى تۇتقۇزۇپ كەپتۇ - دە ، نېمە گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىنىمۇ ئېيتماي ئۇنى زىندانغا تاشلاپتۇ .

مەلىكىنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىپتۇ . ئەتىسى ئۇ پۈتۈن سىرنى ۋەزىرگە ئېيتىپتۇ ۋە سېھىرلىك كۆڭلەكنى سوۋغا قىپتۇ .

ۋەزىر ئۆزىنىڭ نوچىلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ، پادىشاھنى پالۋانلار-نىڭ كۈچ ۋە ماھارەت سىنىشىش مۇسابىقىسىنى كۆرۈشكە تەكلىپ قىپتۇ .

دەرۋەقە ، سېھىرلىك كۆڭلەكنى كىيىپ مۇسابىقىگە قاتناشقان ۋەزىر تەڭداشسىز باتۇر بولۇپ كېتىپتۇ . ئۇمۇ ئوۋلىفقا ئوخشاش ھەممە پالۋانلار-نى يېڭىۋاپتۇ . پادىشاھ ۋەزىرنى ئارمىيىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلەپتۇ ۋە مەلىكىنى ئۇنىڭغا بەرمەكچى بوپتۇ .

زىنداندا ياتقان ئوۋلىف مەلىكىنىڭ باشقا ئەرگە تەگمەكچى بولۇۋاتقان-لىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ئىشتىنىنىڭ ئەستىرىدىن كىچىككىنە بىر ئۈ-زۈكنى چىقىرىپتۇ .

ئەينى چاغدا سېھىرگەر ئۇنىڭغا ، بۇ بىر ھېكمەتلىك ئۈزۈك ، ئۇنى تاقىساڭ ھەرقانداق تىلىكى ئىشقا ئاشىدۇ ، دېگەنىكەن .

ئوۋلىف ئۈزۈكنى تاقىغاندىن كېيىن ، بىر كەپتەرگە ئايلىنىپتۇ . كەپتەر زىنداندىن ئۇچۇپ چىقىپ ، بىر كېنىزەكنىڭ ئالدىغا قونۇپتۇ - دە :

— قورقماڭ ، مەن ئوۋلىف ، مەن سىزنىڭ ياردىمىڭىزغا موھتاج ، مەن چوقۇم سىزنى رازى قىلىمەن ، — دەپتۇ .



ئۆۋلىف يۈز بەرگەن ئىشلارنى كېنىزەككە باشتىن - ئاخىر بىرمۇبىر سۆزلەپ بېرىپتۇ . كېنىزەك ئۆۋلىفنىڭ باتۇرلۇقىنى ، دۆلەتكە سادىقلىقىنى ئوبدان بىلىدىكەن ، ئۇنىڭ تەختنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن سۇيىقەست بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئىشەنمەيدىكەن . شۇڭا ، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ .

ئۇزاق ئۆتمەي ، كېنىزەك ئوردىدا مەلىكىنىڭ بولغۇسى ئېرى ئاجايىپ باتۇر بولسىمۇ ، ئەمما جىلغىدىكى دەريادا سۇغا چۆمۈلەلمەيدىكەن ، دېگەن گەپنى تارقىتىپتۇ .

بۇ گەپ ناھايىتى تېزلا ۋەزىرنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ . ئۇ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ ، بۇ گەپنى كىمنىڭ تارقاتقانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ ، ئەمما تاپالماپتۇ . بۇ گەپ بارغانسېرى ئاۋۇپ ، ۋەزىرنىڭ شەنىگە زىيان يەتكۈزىدىغان سۆزچۆچەكلەر كۆپىيىپ كېتىپتۇ . ۋەزىر جامائەتنىڭ ئالدىدا دەريادا ئۈزۈپ ، بۇ گەپ - سۆزلەرنىڭ پىتنە - پاسات ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بوپتۇ .

ھاۋا سۈپسۈزۈك بىر كۈنى ، مەلىكە بىلەن ۋەزىر كېنىزەكلەرنى باشلاپ دەريا بويىغا كەپتۇ . ۋەزىر سېھىرلىك كىيىمنى سېلىۋېتىپ دەرياغا سەكرەپتۇ . دەل شۇ چاغدا ، كېنىزەك كىشىلەر توپى ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىپ سېھىرلىك كۆڭلەكنى ئاپتۇ - دە ، ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ قېچىپتۇ .

— ھەي ، كۆڭلەكنى جايىغا قويۇپ قوي !

مەلىكە غەزەپلەنگەن ھالدا توۋلاپتۇ ، لېكىن كېنىزەك توختىماپتۇ . مەلىكە ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى سېزىپ قاپتۇ .

تۇيۇقسىز بىر كەپتەر ئۇچۇپ كەپتۇ . كېنىزەك سېھىرلىك كۆڭلەكنى كەپتەرگە تاشلاپ بېرىپتۇ . كۆڭلەكنى كىيگەن كەپتەر ئەسلىي قىياپىتىگە قايتىپتۇ ، ئۇ باتۇر ئۆۋلىفنىڭ ئۆزى ئىكەن .



ئۇۋلىف دەريا بويىغا كەپتۇ. مەلىكە نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قاپتۇ، ۋەزىر قورقىنىدىن شۈمشىيىپ كېتىپتۇ.

ئۇۋلىف ئۇلار ئىككىسىگە قاراپ مەسخىرىلىك كۈلۈپتۇ - دە:

— خەير - خوش! ئېسىڭلاردا بولسۇن، سىلەرنىڭ ياخشى كۈنلىرىڭلار ئۇزاققا بارمايدۇ! — دەپتۇ، ئاندىن بىر سەكرەپ ۋەزىرنىڭ ئېتىغا مىنىپ، كېنىزەكنى كەينىگە ئېلىپ ئۇچقاندەك كېتىپ قاپتۇ.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، قوشنا دۆلەت زور قوشۇن توپلاپ بۇ پادىشاھلىققا يەنە ھۇجۇم قىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرنى ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىپتۇ. ۋەزىرنىڭ ھەربى ئىلىمدىن قىلچە خەۋىرى يوق ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇچىسىدا سېھىرلىك كۆڭلەك بولمىغاچقا، ئۇنىڭ زادىلا ئامىتى كەلمەپتۇ. نەتىجىدە، پادىشاھنىڭ قوشۇنى ئۇرۇشا - ئۇرۇشمايلا قاتتىق مەغلۇپ بوپتۇ، ۋەزىرنىڭ ئۆزىمۇ جەڭدە ئۆلۈپتۇ. ئاخىرى، پادىشاھ دۆشمەنگە تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بوپتۇ.

بۇ چاغدا، ئۇۋلىف بىلەن كېنىزەك يىراق بىر جايدا بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانىكەن!





# يەتتە قاغا

گېرمانىيە چۆچىكى (ئەسلىي ئەسەر: گرىمنىڭ)

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، بىر نامرات ئايال بىر قېتىمدىلا يەتتە ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن، ئۇ يەنە بىر قىز تۇغۇپتۇ. سەككىز بالا ناھايىتى ساغلام ۋە تېتىك چوڭ بوپتۇ.

ئۇنىڭ ئېرى ئۇستا ياغاچچى ئىكەن، ئۇ يىل بويى سىرتلاردا كىشىلەرنىڭ ئىشىنى قىلىپ پۇل تېپىپ ئائىلىسىنى باقىدىكەن. ئايال ئۆيدە بالىلاردىن خەۋەر ئالىدىكەن.

ياغاچچىنىڭ ئايالى قىزىغا ئەڭ ئامراق ئىكەن. قىزچاق چىرايلىق، ئاق كۆڭۈل ئىكەن، دائىم ئانىسىنىڭ ئىشلىرىغا قارىشىدىكەن. لېكىن، يەتتە ئوغۇل كەپسىز بولۇپ، شوخلۇقىغا گەپ توغرا كەلمەيدىكەن. ئۇلار گەپ ئاڭلىمايدىكەن، دائىم ئانىسىنى قاقشىتىدىكەن.

بىچارە ئانا ئېرىنىڭ ئەنسىرەپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئوغۇللىرىنىڭ گەپ ئاڭلىمايۋاتقانلىقىنى ئۇنىڭغا ئېيتمايدىكەن. لېكىن، ئۇنىڭ كۆڭۈلچەكلىكى ۋە كەڭ قورساقلىقى ئۇلارنى تېخىمۇ كەپسىز قىلىۋېتىپتۇ.

ئاكىلىرى ھەرقانچە كەپسىز بولسىمۇ، قىزچاق ئۇلارنى قاتتىق ياخشى كۆرىدىكەن، دائىم ئۇلارغا ئانىسىنى قاقشاتماسلىق، ئۇنىڭغا خاپىلىق تېپىپ بەرمەسلىك توغرىسىدا نەسىھەت قىلىدىكەن. بىراق، ئاكىلىرى سىڭلىسىنىڭ گېپىگە زادىلا پەرۋا قىلماي، ئۆزلىرىنىڭ بىلگىنىنى قىلىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇلار ئىككى ئاسلان تۇتۇۋاپتۇ.

— بىز ئاسلانلارنى ئوينايلى! ھەي ئاسلانچاق، بۇياققا ماڭ!

بالىلار چېلەك، سېۋەتلەرنى باشلىرىغا كىيىشىپ، قوللىرىغا كالتەك، سۈپۈرگە، ئورۇندۇقلارنى ئېلىپ، ئاسلانلارنى قوغلاپ ئارام بەرمەپتۇ.

— ئاسلانلارنى قۇدۇققا ساڭگىلىتىپ قويايلى، قېچىپ كەتمىسۇن!

— ئۇكام، ئاسلاننىڭ بېشىغا چاققان شىلىم قۇي...

بىردەمدىلا ئورۇندۇقلار سۇنۇپتۇ، ئۆينىڭ ئىچى مالىمان بولۇپ كېتىپتۇ. ئانا بايىلا يىغىشتۇرۇپ قويغان جايلار كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە يەنە مەينەت بولۇپ كېتىپتۇ.

بۇ كەپسىز باللار ھەر كۈنى ئانىسىنى ئەنە شۇنداق بىسەرەمجان قىلد-
ۋېتىدىكەن .

ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىكى ئورمانلىقتا بىر خىل زەھەرلىك ئوت بار
ئىكەن ، ھايۋانلار ئۇنى يەپ سالسا ، قورسىقى كۆپۈپ كېتىدىكەن . بىر
كۈنى ئوغۇللار بۇ ئوتتىن ئەكىلىپ ئۆشكە ۋە ئىنەككە بېرىپ ، ئۇلارنىڭ
تاماشىسىنى كۆرمەكچى بوپتۇ .

زەھەرلىك ئوتنى يەۋالغان ئۆشكە بىلەن ئىنەك قورسىقى قاتتىق كۆپۈپ
كېتىپ ئۆلۈپ قاپتۇ .

— ئەمدى بىز سۈت ئىچەلمەيدىغان بولدۇق ! ئىرىمچىكمۇ قىلالمايدى-
غان بولدۇق ، — ئانا كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا يىغلاپ كېتىپتۇ .

لېكىن ، يەتتە ئوغۇل ئۆزلىرىنىڭ چوڭ چاتاقنى تېرىپ قويغانلىقىغا
ئازراقمۇ پۇشايمان قىلماي ، بىر چەتتە پىخىلداپ كۈلۈشكىنىچە تاماشا
كۆرۈپ تۇرۇپتۇ . ئانىنىڭ زادىلا چىدىغۇچىلىكى قالماي ، ۋاقىراپتۇ :

— ھەي كەپسىز شۇمتەكلەر ، سىلەرنى قاغىغا ئايلاندۇرۇپ يىراقلارغا
قوغلىۋەتمەيدىغان بولسام ! كۆزۈمدىن يوقىلىڭلار !

ئۇ شۇنداق دېگەن ھامان ، يەتتە ئوغۇل بالا يەتتە قاغىغا ئايلىنىپ قاپتۇ
- دە ، قاقىلدىغىنىچە ئۆيدىن ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ .

قاتتىق قورقۇپ كەتكەن ئانا بىلەن قىزچاق ۋارقىرىشىپتۇ :

— ۋاي خۇدايىمەي ، بۇ قانداق ئىش ؟ ھاي ، ئۇچۇپ كەتمەڭلار !



شۇنىڭدىن تارتىپ ، ئۆي ئىچى تىمتاسلىقتا چۆكۈپتۇ ، بۇرۇنقى ئوپۇر-توپۇرچىلىقتىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ . پاكىز سۈرتۈلگەن پول پارقىراپلا تۇرىدىغان ، ئورۇندۇقلارنىڭ تۆت پۇتى ئاسمانغا قاراپ قالمايدىغان ، سۇنۇپ كەتمەيدىغان بوپتۇ . ئەمما ، ئانا بىلەن قىزچاق ھەر كۈنى ھەسرەت چېكىدىكەن ، ئانا ئوغۇللىرىنى ، قىزچاق ئاكىلىرىنى سېغىنىپ ياش تۆكىدىكەن . ئانا ھەمىشە : «ھەي - ي ، ئاكىلىرىڭ نەگە كەتكەندۇ؟ ئۇلارنىڭ تېزرەك قايتىپ كېلىپ ئۆينى قالايمىقان قىلىشىنى ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشلىرىنى ئارزۇ قىلىمەن… » دەيدىكەن .

ۋاقىت ناھايىتى تېز ئۆتۈپتۇ ، قىزچاق ئاستا - ئاستا چوڭ بوپتۇ . ئۇ دائىم ئاكىلىرىنى ئويلايدىكەن .

بىر كۈنى ، قىزچاق ئۆي ئىشلىرىنى قىلىۋاتسا ، غۇررىدە شامال چىقىپ ، بىرخىل غەلىتە پۇراقنى ئېلىپ كەپتۇ . بۇ پۇراقتا مەست بولغان قىز ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ .

ئۇ چۈشىدە بىر ئېگىز تاغنىڭ قاپتىلىغا كېلىپ قاپتۇ . بۇ يەرنى خىلمۇخىل گۈل - گىياھلار قاپلاپ كەتكەنىكەن . گۈللەرنىڭ خۇش ھىدى ھاۋادا چاچقىپ ، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىكەن .

بىر چاغدا ، تۇيۇقسىز ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي پەيدا بوپتۇ . ئۇ قىزچاققا دەپتۇ :

— قىزىم ، بىلەمسەن ، بۇ تاغنىڭ ئىسمى «ياخشىلارنى مۇكاپاتلاپ ، يامانلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىش تېغى» . ئاق كۆڭۈل كىشىلەر بۇ يەرگە كەلسە ، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن رەڭدار گۈللەر ۋە ياپيېشىل دەرەخلەر پەيدا بولىدۇ . ئۇلار كۆڭۈللەرنى مەپتۇن قىلىدىغان گۈللەرنىڭ خۇش پۇراقلىرىنى ھىدلايدۇ ، قۇشلارنىڭ كۈيلىرىنى ئاڭلايدۇ . لېكىن ، كەپسىزلىك ، ئەسكىلىك قىلىدىغان كىشىلەر كەلسە ، ئۇچار قۇشلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ ، تەڭرىنىڭ بەرگەن جازاسىنى تارتىدۇ .





قىزچاق يەتتە ئاكىسى-
نىڭ بۇ يەردە بار - يوقلۇقى-
نى سوراپ باقماقچى بوپتۇ ،
ئەمما ئۇ ئاغزىنى ئېچىپ
بولغۇچە ، بوۋاي غايىب بوپ-
تۇ .

قىزچاق ئويغىنىپ كې-
تىپتۇ ، كۆڭلىدە ئاكىلىرى-
نى ئىزدەپ تېپىش ئىستىكى
پەيدا بوپتۇ . ئۇ ئانىسىغا
كېچە كۆرگەن چۈشىنى
سۆزلەپ بېرىپ :

— ئاپا ، ئاكىلىرىمنى ئىزدەپ باقاي ، ماقۇلمۇ ؟ — دەپ ئۆتۈنۈپتۇ .

ئانا قىزىغا زەن سېلىپ قاراپتۇ ، ئاندىن ئۇنى مېھرى بىلەن قۇچاقلاپ :

— بارغىن ، بالام ! يولدا پەخەس بولغىن ، ئۇلارنى تاپالىساڭمۇ ، تاپالمى-
ساڭمۇ بالدۇرراق قايتىپ كەل ، — دەپتۇ .

قىزچاق بىرنەچچە توغرام قۇرۇتقان بولكىنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ . ئۇ
ئورمانلىقتا ئىككى كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپتۇ ، مېڭىۋېرىپ پۇتلىرى
قاپىرىپ كېتىپتۇ . بولكىمۇ تۈگەپتۇ ، كىيىملىرىمۇ يىرتىلىپ كېتىپتۇ . ئۇ
توڭلاپتۇ ، ھېرىپتۇ ، قورسىقى كۇركىراپ كېتىپتۇ ، لېكىن ئۇنىڭ كىچىك-
كىنە پۇتلىرى مېڭىشتىن توختىماپتۇ .

ئۈچىنچى كۈنى گۇگۇم چۈشكەندە ، قىزچاق يىراقتىكى تۇمان باسقان
ئېگىز تاغنىڭ ئۈستىدىكى بىر كىچىك ئۆينى كۆرۈپتۇ . يىراقتىن قارىسى-
ڭىز ، بۇ ئۆي بىر قاراشتا قاغا ئۇۋىسىغا ، بىر قاراشتا ئادەمزات تۇرىدىغان
ئۆيگە ئوخشايدىكەن .

قىزچاق : «ئاكىلىرىم شۇ يەردە بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپتۇ - دە ،
تاغقا يامىشىشقا باشلاپتۇ . تاغ يولى يانتۇ ھەم تېيىلغاق ئىكەن ، تاشلار
ئۇنىڭ پۇتلىرىنى ئاغرىتىۋېتىپتۇ . لېكىن ، ئۇ ئاغرىق ئازابىغا چىداپ ئىلگى-
رىلەپ ، ئاخىرى ئۆينىڭ ئالدىغا يېتىپ كەپتۇ .



www.uyghurkitap.com

قىزچاق ئۆيگە كىرىپ، بىر كىچىك جوزىنىڭ ئۈستىگە يەتتە چىنە قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. قازاندا شوۋىگۈرۈچ قايناۋاتقۇدەك. قورسىقى بەك ئېچىپ كەتكەن قىزچاق شوۋىگۈرۈچنى بىر چىنىگە تولدۇرۇپ ئۇسۇپ، ئالدىراپ - ئالدىراپ ئىچىشكە باشلاپتۇ.

شوۋىگۈرۈچنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، قىزچاق ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقسا، بىر ياتاق ئۆيدە يەتتە كىچىك كارىۋات تۇرغۇدەك. ئۇلارنىڭ ئۈستى-گە رەڭگى ئوخشاشمايدىغان كىرلىكلەر يېپىلغانىكەن. قىزچاق ئىختىيار-سىز ئىسسىق ياش تۆكۈپتۇ. ئۇ ئاكىلىرىنى تېپىۋالغىنىغا ئىشىنىپتۇ، خۇ-شاللىقىدا ھەر كارىۋاتتا بىردىن يېتىپ بېقىپتۇ.

يولنىڭ ھارغىنلىقى ۋە جىددىيچىلىك ئاخىر ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزۈپ-تۇ. قىزچاق ئاخىرقى كارىۋاتقا چىقىپ ياتقاندا تېزلا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي يەتتە قاغا قايتىپ كەپتۇ. ئۇلار تاماق يېمەكچى بولۇپ قازاننىڭ تۈۋىقىنى ئاچسا، شوۋىگۈرۈچ ئەسلىدىكىدىن ئاز ئىمىش. ئۇلار تامىقىغا بىركىمنىڭ ئېغىز تەگكەنلىكىنى بايقاپتۇ. ئەمما، بۇ كىمدۇ؟

ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپتۇ، ئەمما بۇ سوئالغا ھېچكىم جاۋاب تاپالماپتۇ. ئۇلار تامىقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، پوسمىلىرىنى كىيىپ ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپتۇ. ياتاق ئۆيگە كىرگەندە، ئۇلار بىر كارىۋاتتا ئۇخلاپ ياتقان بىر قىزچاقنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپتۇ.



— ئوماق قىز ئىكەن. بىزنىڭ سىڭلىمىز بولۇپ قالغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە؟ — دەپتۇ بىر قاغا.

— توغرا، بەك ياخشى بولاتتى، — دەپتۇ قالغانلار، ئارقىدىن ھەممىسى توۋلىۋېتىپتۇ، — بۇ... بۇ بىزنىڭ سىڭلىمىزغۇ!

قىزچاق چۆچۈپ ئويغىنىپ قارىسا، يوغان ھەم سەت يەتتە قاغا ئۆزىگە قاراپ تۇرغۇدەك. ئۇ قاتتىق قورقۇپ كېتىپتۇ.

لېكىن، بىر قاغا مۇلايىملىق بىلەن سوراپتۇ:

— سەن بىزنىڭ سىڭلىمىز ئەمەسمۇ؟

قىزچاق يەتتە قاغا ئەسلىدە ئۆزىنىڭ يەتتە ئاكىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، قىن - قىنىغا پاتماي:

— ئاھ، ئاكىلىرىم، مەن ئاخىر سىلەرنى تاپتىم! ئاخىر سىلەرنى تېپىۋالدىم! بىز ئاخىر يەنە بىللە بولدۇق! — دەپتۇ.

قىزچاق ئاكىلىرىنى بىر - بىرلەپ قۇچاقلاپ:

— مەن نۇرغۇن مۈشكۈللەرنى يېڭىپ، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ سىلەرنى ئالغىلى كەلدىم. سىلەر مەن بىلەن ئۆيگە قايتىڭلار، ماقۇلمۇ؟ — دەپتۇ.

— بىز ئۆينى بەك سېغىندۇق، — دەپتۇ ئۇلار، — ئۆزىمىزنىڭ قىلغان ئەسكى ئىشلىرىمىز ئۈچۈن قاتتىق پۇشايمان قىلدۇق. ئاپامنى قاقشاتقىنىمىز بوپتىكەن. قاغىغا ئايلىنىپ قالغاندىن كېيىن، بىز ئاچ - يالىڭاچ قالدۇق، مۇشۇ ئۆينى سېغىنىشتىن بۇرۇن، دالىدا دوم يېتىپ، دوم قوپتۇق. شۇڭا، بىز ئانىمىزنى قاقشىتىپ قالغان ئاقىۋىتىمىزنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمىز.

مۇنچاق - مۇنچاق ياشلار ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن دومىلاپ چۈشۈپتۇ، يىغلاۋېرىپ پوسمىلىرى قىڭغىر بولۇپ كېتىپتۇ. ئاكىلىرىنىڭ سەممىي سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قىزچاق خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈپ:

— ئاپاممۇ سىلەرنى سېغىندى، ھەر كۈنى سىلەرنىڭ يولۇڭلارغا قارايدۇ، — دەپتۇ.

— بىراق، بۇ قىياپىتىمىز بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا قانداق بارىمىز؟

— خاتىرجەم بولۇڭلار، ئاپام سىلەرگە بۇرۇنقىدەك ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ.

قىزچاق يەتتە ئاكىسىنى قايتىشقا قايىل قىپتۇ.

— بىز سەن بۇ يەرگە كەلگۈچە تاغقا ياماشقاندەك يامىشىپ يۈرمەيمىز، بىز ئۆيگە ئۈچۈپ قايتساق بولىدۇ، — دەپتۇ قاغىلار.

— توختاڭلار! بىز پارقىراپ تۇرىدىغان ھېلىقى تاشلارنى ئالغاچ كېتىپ ئاپامغا سوۋغا قىلايلى، — دەپتۇ بىر قاغا.





قاغىلار بىر كىچىك خالتىغا قاچىلاپ قويۇلغان رەڭگارەڭ تاشلارنى قىزچاققا كۆرسىتىپتۇ .

— بۇ تاشلار راستتىنلا چىرايلىق ئىكەن ! — قىزچاق بۇ تاشلارنى كۆرۈپ ، ئىختىيارسىز ماختاپ كېتىپتۇ .

— ساڭا ياردىمىمىز ؟ ئۇلار ناھايىتى قىممەتلىك بولۇشى مۇمكىن . بىز قاغىلارنىڭ پارقىرىغان نەرسىنى كۆرسەكلا تېرىپ ئۆيگە ئېلىپ كېتىدىغان ئادىتىمىز بار .

— ئەمىسە ، ئاكىلار ، ئاپام سىلەرنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتىدۇ ، بىز تېزرەك ئۆيگە قايتايلى !

— ھۇررا ! بىز ئۆيگە قايتىدىغان بولدۇق ! تېز يولغا چىقايلى ! — دەپتۇ يەتتە قاغا خۇشاللىقىدا قاناتلىرىنى قېقىشىپ .

يەتتە قاغا قاناتلىرىنى ياندىشتۇرۇپ سىڭلىسىنى قۇچاقلىغىنىچە كۆككە كۆتۈرۈلۈپتۇ . ئۇلار خۇشاللىقىدا يول بويى ناخشا ئېيتىشىپتۇ . دەسلەپتە قىزچاق بەك قورقۇپتۇ ، ئەمما يەتتە قاغا ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ ، ئىنتايىن سىلىق ۋە مۇقىم ئۇچۇپتۇ . شۇنىڭ بىلەن قىزچاقنىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشۈپتۇ .

ئۇچا - ئۇچا ، ئۇلار ئاخىر ئۆزلىرىنىڭ تۇغۇلغان جايىنى كۆرۈپتۇ ، ھويلىسى قۇپقۇرۇق تۇرغۇدەك . ئۇلار ھويلىغا قونغاندىن كېيىن ، قىزچاق دەپتۇ :

— بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار ، مەن ئاپامنى چاقىرىپ چىقاي .

ئۇ ئاشخانا ئۆيگە ئاستاغىنا كىرسە ، ئانىسى تاماق جوزىسىغا بېشىنى قويۇپ يىغلاۋاتقۇدەك . قىزچاق ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيۈپتۇ ۋە :

— ئاپا ، مەن قايتىپ كەلدىم ، مەن ساڭا بىر كاتتا خۇشاللىقنىمۇ ئالغاچ كەلدىم ، — دەپتۇ .

— ئاخىر قايتىپ كەپسەن ـ دە ، ئۇماق قىزىم ، يېنىمدا يا ئاكىلىرىڭ يوق ، يا سەن يوق ، باشقا يۇرتقا ئىشلىگىلى كەتكەن ، مەن بەك يالغۇزلۇق تارتتىم . جېنىم بالام ، سېنى بەك سېغىندىم ، ئاكىلىرىڭنى بەك سېغىندىم··· مەن تېخى سېنىڭدىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قالدىم دەپتىمەن .

قىزچاق ئانىسىنى يېتىلەپ هويلىغا ئېلىپ چىقتى ، يەتتە قاغا تەڭلا :

— ئاپا ، بىز قايتىپ كەلدۇق ! — دەپ توۋلىشىپتۇ . يەتتە قاغىنى كۆرگەن ئانا هەم خۇش بولۇپ ، هەم هاياجانلىنىپ ، يا يىغلىشىنى ، يا كۆرۈشىنى بىلەلمەي قاپتۇ .

— ئاه ، مېنىڭ ئوغۇللىرىم ! ئاناڭلار سىلەرنى تولىمۇ سېغىندى . مەن هېلىقى سۆزنى دېگىنىمگە راستتىنلا مىڭ پۇشايمان قىلدىم .

— بىزمۇ قىلغان ـ ئەتكەن هەممە ئىشلىرىمىز ئۈچۈن پۇشايمان قىلدۇق ، ئاپا ، بىزنى كەچۈرۈڭ ، بۇرۇن بىز بەك ئەقىلسىز كەنمىز .

قاغىلار بۇرۇن قىلغان ئەسكى ئىشلىرى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ . تۇيۇقسىز مۆجىزە يۈز بېرىپتۇ : يەتتە قاغا يەنە يەتتە ئوغۇل بالىغا ئايلىنىپ قاپتۇ .

قاغىلار ئالغاچ كەلگەن تاشلارنىڭ هەممىسى قىممەتلىك ياقۇتلار ئىكەن . شۇنىڭدىن تارتىپ ، بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ .

